دۇنيا تارىخىدىكى بۈيۈك شەخسلەر

# خاننىبال

*Hannibal*

شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: تۆگەن كىتابچىلىقى

خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى

ISBN 978-7-5469-8325-7

定价: 20.00元

# بۈيۈكلەردىن ئۆگىنىپ، بۈيۈكلەردىن بولايلى
## — يېڭى ئەسىردىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە تەقدىم



دۇنيا تارىخىدىكى بۈيۈك شەخسلەر



*Hannibal*

# ھاننىبال

تۈزگۈچى: چېن شياۋيا
تەرجىمە قىلغۇچى: ماخمۇتجان ئىسلام

شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

بۇ كىتاب خەيتيەن نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据海天出版社1997年10月第1版,第1次印刷出版本翻译出版。

**پىلانلىغۇچى:** ئەركىن ئىبراھىم پەيدا
**قايتا تەكشۈرگۈچى:** تۇرغۇن تۇنىياز
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** نۇرئالىيە ئابدۇكېرىم
**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** ياسىن ئوبۇلقاسىم
**گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:** ئۆگەن كىتابچىلىقى
**باسما مەسئۇلى:** لىيۇ ۋېيىۇ

新疆乌孜图书文化发展有限公司

# دۇنيا تارىخىدىكى بۈيۈك شەخسلەر

# خاننىبال

**تۈزگۈچى:** چېن شياۋيا
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ماخمۇتجان ئىسلام

---

**نەشرىيات:** شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** شىنجاڭ ئۆگەن كىتاب تارقىتىش چەكلىك شىركىتى
**زاۋۇت:** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 4.625
**نەشرى:** 2016 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2016 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5469-8325-7
**باھاسى:** 20.00 يۈەن



ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلگەن يېڭىلمەيدۇ، خانىبالىنىڭ تاكتىكا ۋە تەدبىرلىرى جۇڭگولۇق سۇنزىنىڭ ھەربىي تاكتىكىلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. كارتاگونىڭ بۇ سەركەردىسى قەدىمكى رىمنىڭ ئۇرۇش تارىخىدا تولىمۇ داڭلىق. ئۇنىڭ ياۋروپا جەڭگاھلىرىدىكى ئاجايىپ پائالىيەتلىرى تارىخشۇناسلارنى چوڭقۇر خىيال دەرياسىغا، تەتقىقات قاينىمىغا چۆكتۈرگۈسى...

# مۇندەرىجە


1. داڭلىق سەركەردىنىڭ ئوغلى ........................ 1
2. ئىرادىگە ۋارىسلىق قىلىش ........................ 16
3. چەكسىز جاپا ـ مۇشەققەت ........................ 29
4. كەنىتىدىكى زور غەلىبە ........................ 45
5. ئۇرۇش پۇرسىتىدىكى ئۆزگىرىش ........................ 68
6. ماھىرغا دۇچ كەلگەن ماھىر ........................ 86
7. زامادىكى ھەل قىلغۇچ جەڭ ........................ 106
8. ئۆزگە يۇرتتا ئاچچىق يۇتۇش ........................ 120
9. خاتىمە ........................ 138

# 1. داڭلىق سەركەردىنىڭ ئوغلى

دۇنيا قەدىمكى زامان تارىخىدا، رىم پادىشاھلىقىنىڭ نامى مەشھۇر ۋە يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە ئىدى. بۇ نام ئۇنىڭ قۇدرەتلىك رەقىبى — كارتاگو پادىشاھلىقىنىڭ سەركەردىسى خاننىبالنىڭ نامى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

رىم غەربتىكى ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىتئەگە قەدەم تاشلىغان ئەڭ زور پادىشاھلىقتا ئايلىنىپ ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن كېيىنمۇ، رىم شەھىرىدىكى ئاياللارنىڭ مۇنداق بىر ئادىتى بار ئىدى: ئۇلار بالىلىرىنى قورقۇتۇپ: «بولدى يىغلىما، خاننىبال كەلدى!» دەيتتى.

بۇ چاغدا، خاننىبالنىڭ سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىقتا ياشىغان كۆلىبىسىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغىنىغا نەچچە يۈز يىللار بولغانىدى. كارتاگو پادىشاھلىقىمۇ يەر شارىدىن يوقالغانىدى. پەقەت كارتاگولۇقلار ئىشلەتكەن فىنىكىيە تىلىنىڭ ئاندا ـ ساندا سۆزلىرى ئافرىقىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى دېھقانلارنىڭ ئاغزىدىن ناگان ـ ناگاندا ئاڭلىنىپ قالاتتى...

## دېڭىزدىكى زومىگەر كارتاگو

خاننىبالنىڭ ئەجدادلىرى فىنىكىيەلىكلەرنىڭ ئەۋلادى ئىدى. ئۇلار ئەسلىدە ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىي

قىرغىقىدىكى تىر شەھىرىدە ياشايتتى. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، تىر شەھىرىنىڭ مەلىكىسى ئاكىسىنىڭ زوراۋانلىقىدىن نارازى بولۇپ، ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ كىچىك ئاسىيادىن قېچىپ، كېمىلەر بىلەن ئافرىقىغا كەلگەنىكەن.

ئۇلار شەرقىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىن ئۆتۈپ، ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىي دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، خۇددى يولۋاس ئېغىزىغا ئوخشايدىغان قۇرۇقلۇق تۇمشۇقىدا توختاپ، شۇ جايدىكى لىبىرىيەلىكلەردىن پاناھلىنىش ئۈچۈن كالا تېرىسى بىلەن ئورىۋالغۇچىلىك يەر بېرىشنى تىلىگەن. كەڭ قورساق لىبىرىيەلىكلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپ، بۇ بىچارىلەرنىڭ ئەرزىمەس ئۆتۈنۈشىگە ماقۇل بولغان.

بۇ فىنىكىيەلىكلەر تولىمۇ ئەقىللىق بولۇپ، كالا تېرىسىنى چېتىدىن باشلاپ قايچا بىلەن تىلىپ، ئىنچىكە «تېرە ئارغامچا»غا ئايلاندۇرغان، ئارغامچىنى تارتىپ قاشالاپ، پاناھلانغۇدەك جايغا ئىگە بولغان. يۈز يىلدىن كېيىن، ئۇ يەردە دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ شەھەر بەرپا قىلىپ، كارتاگو دەپ نام بەرگەن. بۇ فىنىكىيە تىلىدا «يېڭى شەھەر» دېگەن مەنىدە ئىدى. مەلىكە تىرو دەسلەپ ئىگىلىگەن يەر — «تېرە ئارغامچا» بىلەن قاشالاپ ئىگە بولغان جاي كارتاگونىڭ ھەمراھ شەھىرى — بىسال شەھىرىنىڭ ئورنى ئىدى.

خانىبالنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى دەۋرىگە كەلگەندە، كارتاگو تەرەققىي قىلىپ غەربىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزى رايونىدىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ ھەم ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلانغانىدى. ئۇ شىمالىي ئافرىقىنىڭ غەربىي بولغان ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرى، جەنۇبىي ئىسپانىيە، سىتسىلىيە ئارىلىنىڭ كۆپ قىسمىغا ھەمدە كورسىكا، ساردىنىيە ۋە بالېئار تاقىم ئاراللىرى قاتارلىق كەڭ زېمىنغا ھۆكۈمران ئىدى. بېرىتانىيەنىڭ قەلەيلىرى،

ئىسپانىيەنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش، قوغۇشۇنلىرى، شىمالىي دېڭىزنىڭ كەھرىۋا ـ مارجانلىرى، ئافرىقىنىڭ قۇللىرى، پىل چىشلىرى، كېپەك ئالتۇنلىرى مۇشۇ يەردە يىغىلىپ تارقىتىلاتتى، شۇڭا كارتاگو پۈتكۈل ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ سودىسىنى مونوپول قىلىۋالغانىدى.

كارتاگونىڭ روناق تېپىشىدا مۇنداق ئىككى سەۋەب بار ئىدى: بىرى، ئۇلارنىڭ فىنىكىيەلىك ئەجدادلىرى سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا ماھىر ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئىبراي تىلىدا «سودىگەر» دېگەن مەنىدە «كانانلار» دەپ ئاتىلاتتى. يەنە بىرى، ئۇلار قۇدرەتلىك قوشۇن ــــ ئارمىيەگە ئىگە ئىدى.

كارتاگونىڭ ئاساسلىق ھەربىي كۈچى قۇدرەتلىك دېڭىز ئارمىيەسى ئىدى. ئۇلار ئۈچ، تۆت، بەش قاتار پالاقلىق ئۇرۇش كېمىلىرىدىن نەچچە يۈزىگە ئىگە ئىدى. ھەربىر بەش قاتار پالاقلىق ئۇرۇش كېمىسىدە 50 پالاق، 300 پالاقچى، 120 ئەسكەر بار ئىدى. ئەينى زاماندا، ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەرقانداق بىر دېڭىز ئارمىيەسىدە ئۇلارنىڭكىدەك زور قوشۇن، سۈرئەت ۋە زەربە بېرىش كۈچى يوق ئىدى. كارتاگو ئارمىيەسىنىڭ پىيادە قوشۇنلىرى مۇنداق ئىككى خىل ئادەملەردىن تەشكىللەنگەنىدى: بىر خىلى، سودىگەرلەر سىنىپى پۇلغا سېتىۋالغان ياللانما ئەسكەرلەر، يەنە بىر خىلى، ھۆكۈمرانلىق رايونىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەردىن قوبۇل قىلىنغان ئەسكەرلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ قورال ـ ياراغلىرى سەر خىل بولۇپ، قەلئەلەرگە ھۇجۇم قىلىدىغان ئەسلىھەلىرى بار ئىدى. پىللارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن جەڭ قىلدۇرۇشقا ماھىر ئىدى. كارتاگو مۇشۇنداق قۇدرەتلىك قوشۇنغا تايىنىپ، غەربىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى كۆچمەنلەر شەھەرلىرىنى ۋە سودا بازارلىرىنى ئىگىلەپ، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى زومىگەرگە ئايلاندى.

## ئىككى زومىگەرنىڭ سىتسىلىيەنى تالىشىشى

خانىبالنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى هامىركا بولۇپ، كارتاگو ئارمىيەسىنىڭ گېنېرالى ئىدى. خانىبال تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئۇ هاياتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى رىملىقلار بىلەن بولغان ئۇرۇشقا بېغىشلىغانىدى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى Ⅳ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن، رىم ئەينى ۋاقىتتىكى ئىچكى ۋە تاشقى پايدىلىق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئەركىن پۇقرالاردىن تەشكىللەنگەن قۇدرەتلىك ئارمىيەسىگە تايىنىپ، ئۈزۈكسىز هالدا سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئىتالىيەنىڭ قەبىلىلىرىنى ۋە نۇرغۇن شەهەرلەرنى بويسۇندۇرۇپ، پۈتكۈل ئىتالىيە يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈردى، تىبىر دەرياسى بويىدىكى شەهەر دۆلىتىدىن بىر سەكرەپلا غەربىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندى.

رىم ئىتالىيەنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بارلىق سودا شەهەر دۆلەتلىرىنى كونترول قىلدى. سودىگەرلەرنىڭ رىمنىڭ هۆكۈمرانلىق تۈرمۇشىدىكى تەسىرى كۈنسايىن كۈچەيدى، ئۇلار سىرتقا قاراپ كېڭىيىشنى پائال تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مول ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان، دېڭىز سودىسىدا مۇهىم ئورۇندا تۇرىدىغان سىتسىلىيە ئارىلى رىم قۇلدارلىرى تالىشىدىغان ئاساسلىق ئوبيېكتقا ئايلاندى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 642 ـ يىلى، رىم جۇمهۇرىيىتىنىڭ كېڭىيىش كۈچى بىلەن ئۇلار «پۇنىكلار» دەپ ئاتايدىغان كارتاگو پادىشاهلىقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلىچى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى

سىتسىلىيە ئارىلىدا ئۇچراشتى، شۇنىڭ بىلەن «پۇنىكلار ئۇرۇشى»نىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى.

سىتسىلىيە ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى ئەڭ چوڭ ئارال بولۇپ، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ دەل مەركىزىگە جايلاشقان، ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم ئىدى. شەرق تەرىپى مېسسىنا بوغۇزى ئارقىلىق ئىتالىيە يېرىم ئارىلى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ؛ غەربىي جەنۇب تەرىپى شىمالىي ئافرىقىدىكى كارتاگوغا 160 كىلومېتىر كېلىدۇ. سىتسىلىيەدە تاغلار كۆپ بولۇپ، ئاساسلىق تاغ تىزمىلىرى ئىتالىيە يېرىم ئارىلىدىكى ئاپېننىن تاغ تىزمىسىدىن باشلىنىپ جەنۇبقا سوزۇلغان، سىتسىلىيەدىن ئۆتۈپ شىمالىي ئافرىقىدىكى ئاتلاس تاغ تىزمىسىغا تۇتىشىدۇ. ئارالنىڭ شەرقىي شىمالى دېڭىز ساھىلىدىكى پېلورىتانىيە تاغ تىزمىسى مېسسىنا بوغۇزى ئارقىلىق ئىتالىيە يېرىم ئارىلىدىكى كالابىرىيە تاغ تىزمىسى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. پېلورىتانىيە تاغ تىزمىسىدىن غەربكە سوزۇلۇپ نېبرود تاغ تىزمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى ئىبراي تاغ تىزمىسى يانار تاغدىن ئىبارەت. شەرقىي شىمال تەرەپتىكى ئېتنا يانار تېغى دېڭىز يۈزىدىن 3263 مېتىر ئېگىز بولۇپ، مۇشۇ ئارالدىكى ئەڭ ئېگىز تاغ ھېسابلىنىدۇ، ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ مەشھۇر يانار تاغلارنىڭ بىرى. پۇنىكلار ئۇرۇشى باشلىنىشتىن 200 يىل ئىلگىرى، بۇ يانار تاغ تۇنجى قېتىم پارتلىغان، شۇندىن ئېتىبارەن تاغ چوققىسىدا خۇددى كۆلدەك چوڭ ۋولقان ئېغىزى قالغان...

ئىستراتېگىيەلىك ئورنى مۇھىم بولغاچقا، سىتسىلىيە رايونى ئەزەلدىنلا سودىگەرلەر، رىتسارلار تالىشىدىغان جاي بولۇپ كەلگەن. بۇرۇن بۇ يەردە سىكانلار، ئىلىملار ۋە سىكۇرىلار ياشىغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى Ⅵ — Ⅷ ئەسىرلەردە

گىرېتسىيە پادىشاھلىقى باش كۆتۈرۈپ شەرقىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنى كونترول قىلغاندىن كېيىن، زور تۈركۈمدىكى گىرېك كۆچمەنلىرى بۇ ئارالغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىردە گىرېتسىيەدىكى قەدىمىي شۇرالىقلار كاتاچىلارنىڭ قولىدىن مېسسىنا شەھىرىنى تارتىۋالغان. گىرېتسىيەلىكلەرنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، غەربىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزى سودىسىنى مونوپول قىلىشنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، كارتاگولۇقلار ئىسپانىيە بىلەن بىرلىشىپ، سىتسىلىيەدىكى ھەرقايسى شەھەردە سودا بىرلەشمىسى قۇرغان ھەمدە كېيىن باش كۆتۈرۈپ چىققان رىم بىلەن ئىزچىل تۈردە ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 264 ـ يىلى سىتسىلىيەدىكى شۇراگۇ ياللانما ئەسكەرلىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ، مېسسىنا شەھىرىنى ئىگىلىگەن. شۇراگۇ ھۆكۈمرانلىرى بىلەن تىركىشىش ئۈچۈن، ئۇلار كارتاگو ھۆكۈمىتىدىن ياردەم تەلەپ قىلغان. كارتاگو ئارمىيەسى ئۇ يەرگە بېرىپ، شۇراگۇلارنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىنى تارمار قىلغان. ئەمما غەلىبىگە ئېرىشكەن ياللانما ئەسكەرلەر ھۆكۈمەتتە ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەن، بىر تەرەپ، ياردەم بەرگەن كارتاگو بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشنى، كارتاگونىڭ ھامىيلىقىدا ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلسا، يەنە بىر تەرەپ، بىز ياۋروپالىق، شۇڭا رىملىقلار بىلەن قانداشلىق ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىمىز قويۇق، شۇڭا رىملىقلار بىلەن ئىتتىپاق بولۇش كېرەك، دەپ قارىغان. مۇنازىرە نەتىجىسىدە بىر تەرەپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، رىمغا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن.

ئەسلىدە رىملىقلار كارتاگو بىلەن بىرنەچچە تىنچلىق ۋە دوستلۇق شەرتنامىسى تۈزۈپ، كارتاگونىڭ ئىتالىيە يېرىم

ئارىلىنىڭ ئىشلىرىغا قول تىقماسلىقىنى شەرت قىلىپ، رىملىقلارنىڭ سىتسىلىيەگە قەدەم باسماسلىقىنى كاپالەتلەندۇرگەن. ئەمما ئۇ ئىككى تەرەپنىڭ ھەممىسىگە مەنپەئەتنى ئۆلچەم قىلىپ قىلىشقان تىنچلىق ۋەدىسىنىڭ ئىشەنچسىزلىكى، مەنپەئەت بىلەن شەرتنامە ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولغاندا تىنچلىقنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقى، ئۇرۇشنىڭ ھامان بولىدىغانلىقى ئايان ئىدى. رىملىقلار كارتاگولۇقلارنىڭ مېسسىنانى ئىشغال قىلغانلىقىنى باھانە قىلىپ، «بۇ ئىتالىيەگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەييارلىقى» دەپ قاراپ، تۇيۇقسىزلا قوشۇن تارتىپ سىتسىلىيەگە يۈرۈش قىلدى ـ دە، مېسسىنا شەھىرىنى ئىگىلىدى.

رىملىقلارنىڭ مۇنداق تۇيۇقسىزلا يۈز ئۆرۈشىنى ئويلىمىغان كارتاگولۇقلار تەييارلىق قىلمىغانىدى، شۇڭا ئۇلار مېسسىنادىن ۋاقتىنچە چېكىنىپ چىقتى ۋە رىمغا رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلدى. تۇنجى قېتىملىق پۇنىك ئۇرۇشى مانا مۇشۇنداق باشلانغان.

## رىم بىلەن ئۆچمەنلىشىش

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا، رىمنىڭ قۇدرەتلىك پىيادە قوشۇنلىرى قۇرۇقلۇقتا ناھايىتى تېز ئىلگىرىلەپ، سىتسىلىيە ئارىلىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلىدى. ئەمما دېڭىز بويلىرىدىكى مۇھىم قورغان ـ قەلئەلەر يەنىلا كارتاگولۇقلارنىڭ قولىدا ئىدى. ئەينى چاغدا رىمنىڭ ئاز ساندىلا كېمىلىرى بار ئىدى، دېڭىزدىكى كۈچى كارتاگودىن ناھايىتى ئاجىز ئىدى. مۇشۇنداق ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، رىم دېڭىز ئارمىيەسىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، بىر يىل ئىچىدىلا 120 غايەت زور جەڭ كېمىلىرى

ياسىدى، ھەربىر كېمىگە 300 ماترۇس سىغاتتى. شۇنداقلا يەنە دېڭىز ئەسكەرلىرىنىڭ مەشىقىنى كۈچەيتتى. لېكىن رىمنىڭ جەڭ كېمىلىرى مەيلى سان ياكى سۈپەت جەھەتتە بولسۇن، يەنىلا كارتاگونىڭكىگە يېتەلمەيتتى، بولۇپمۇ دېڭىزدا جەڭ قىلىش تەجرىبىسى ۋە يول باشلاش تېخنىكىسى قىسقا مۇددەتتىلا يېتىلدۈرگىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس ئىدى.

دېڭىزدا جەڭ قىلىش تەجرىبىسى يوق بولۇشتەك كەمتۈكلۈكنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، رىملىقلار جەڭ كېمىلىرىنى ئەسلىھە جەھەتتىن ئىسلاھ قىلدى. ئەينى چاغدا، دېڭىزدا جەڭ قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى تولىمۇ ئاددىي بولۇپ، ئادەتتە كېمىنىڭ جەڭ كېمىلىرىنىڭ زەربە بېرىش كۈچى زور بولسا، شۇ تەرەپ جەڭ قىلغاندا ئالدى بىلەن بىر ئاماللارنى قىلىپ قارشى تەرەپنىڭ پالاقلىرىنى سۇندۇرۇپ، ئاندىن دۈشمەننىڭ كېمىلىرىنى سوقۇپ چۆكتۈرىۋېتەتتى، خالاس. رىملىقلار قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى دېڭىزدا جەڭ قىلىشقا تەتبىقلىدى: ئۇلار ھەربىر كېمىنىڭ تۇمشۇقىغا بىردىن ئاسما كۆۋرۈك ئورۇنلاشتۇردى، ئاسما كۆۋرۈكنىڭ ئۈچىدا تىك بۇلۇڭلۇق ئىلمەك بار ئىدى. كېمىلەر كېتىۋاتقاندا، بۇ كۆۋرۈكلەر خۇددى قەدىمكى قورغانلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئاسما كۆۋرۈكلەردەك، كېمىلەرنىڭ تۇمشۇقىدا بەئەينى «قاغا» ھالىتىدە ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇرۇش بولۇپ، دۈشمەن كېمىلىرى يېقىنلاپ مەلۇم ئارىلىققا كەلگەندە بۇ كۆۋرۈكلەر پەسكە چۈشۈرۈلەتتى ـ دە، ئۇنىڭ «قاغا تۇمشۇقى»دەك ئىلمىكى دۈشمەن كېمىسىنى ئىلىۋالاتتى. رىم ئەسكەرلىرى بۇ كۆۋرۈك ئارقىلىق دۈشمەن كېمىسىگە ئۆتۈپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرى بىلەن ئېلىشىۋازلىق قىلاتتى. رىملىقلار بۇ خىل تاكتىكىنى قوللىنىپ، پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغانىدى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 260 ـ يىلى، رىمنىڭ دېڭىز ئارمىيەسى مىررىي ئەتراپىدىكى دېڭىز جېڭىدە تۈنجى رەت كارتاگولۇقلارنىڭ دېڭىز ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن رىملىقلار ئافرىقىغا يۈرۈش قىلىپ، كارتاگو زېمىنىنىمۇ ئىگىلەشكە باشلىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 256 ـ يىلى ئېكنوم تۇمشۇقىدا دېڭىز ئۇرۇشى بولدى، كارتاگولۇقلار يەنە بىر رەت مەغلۇپ بولدى، رىم قوشۇنلىرى توسالغۇسىزلا ئافرىقىنىڭ كىرىبىيە شەھىرىدە قۇرۇقلۇققا چىقتى. ئۇرۇش ئوتى ياۋروپادىن ئافرىقىغا تۇتاشتى.

سىتسىلىيەدە جەڭ قىلغان هامىركا كارتاگوغا چاقىرىلدى، خەلق قوزغىلىڭى ئۇنى ئۈچ گېنېرالنىڭ بىرى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇرۇش ئافرىقا تۇپرىقىدا ئۇزۇن يىل داۋام قىلدى، رىم ئەسكەرلىرى يۈرتىنى سېغىنغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسسىققا چىدىيالمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئارمىيەنىڭ ئىرادىسى بوشاپ قالدى. ئىككى قېتىم دېڭىزدا بالا ـ قازاغا ئۇچراپ، نۇرغۇن ماددىي ئەشيا ۋە ئەسكىرىي كۈچ چىقىم بولغاچقا، رىمنىڭ سېناتى (ئالىي دۆلەت ئورگىنى) ئاستا ـ ئاستا ئافرىقىنى ئىگىلەش نىيىتىدىن ۋاز كەچتى.

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئەسكىرىي كۈچىنى جەڭگە قاتناشتۇرۇشقا ئامالى بولمىغاچقا، ئۇرۇشتا ھېچكىم قارشى تەرەپنى بېسىپ چۈشەلمەي، ئۇرۇش تىركىشىش باسقۇچىغا كىردى. ئۇرۇش مەيدانى يەنە سىتسىلىيە ئارىلىغا قايتتى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 247 ـ يىلى، هامىركا سىتسىلىيەنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ، كارتاگو قوشۇنىنى باشلاپ بۇ ئارالغا چىقتى. ئەينى چاغدا لىلىبائوم (هازىرقى مارسارا) ۋە دېرېپانون (هازىرقى تىراپانى) دىن باشقا،

كارتاگونىڭ سىتسىلىيەدىكى بارلىق قارام يەرلىرىنى رىم تارتىۋالغانىدى. رىم گېنېرالى يەنە بۇ ئىككى شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى ئېلكىس تېغىنىمۇ ئىگىلەپ، ئىككى شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇلارنى يەككە ـ يېگانە شەھەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. هامىركا سىتسىلىيەنىڭ غەربىي قىسمىدا پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىپ، رىم قوشۇنلىرىنى پاراكەندە قىلىشنى باشلىدى هەم سىتسىلىيەنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا قۇرۇقلۇققا چىقىش جېڭى قىلىپ، ئېركىت تېغىنى ئىگىلىدى. ئۇ پۇختىنا قۇرۇلغان بارىگاھقا تايىنىپ، رىم ئەسكەرلىرىگە دادىل هۇجۇم قىلدى، كۆپ قېتىم كېمە ئەۋەتىپ، ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىدىكى دېڭىز قىرغاقلىرىغا هۇجۇم قىلدى، بۇنىڭ بىلەن رىم ئېلكىس تېغىغا ياردەم قىلغۇچى قوشۇن ئەۋەتەلمىدى. شۇندىن كېيىن ئۇ ئېركىت تېغىدىن تۇيۇقسىزلا ئايرىلىپ، هۇجۇم بىلەن ئېلكىس تېغىنىڭ شىمالىي تۆپىلىكىدىكى بىر شەھەرنى ئىگىلەپ، رىم ئەسكەرلىرىنى تاغ چوققىسىدىكى ئاۋرودېت بۇتخانىسىدىن چىقالمايدىغانلا قىلىپ قويدى.

هامىركا سىتسىلىيەدە رىم قوشۇنلىرى بىلەن ئىككى يىل ئېلىشتى. گەرچە ئۇرۇشقا ماهىر هەم كۆرۈنەرلىك جەڭ نەتىجىلىرىنى ياراتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئەمەلىي ئەسكىرىي كۈچى غەلىبە قىلالمايدىغان هالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 241 ـ يىلى، رىمنىڭ هۆكۈمدارى كاتورۇس رىمنىڭ قايتىدىن تەشكىللەنگەن فىلوتىنى باشلاپ سىتسىلىيەگە كەلدى. ئەمما ئۇ چۆچۈش ئىچىدە كۆردىكى، كارتاگولۇقلارنىڭ پورتلىرىدا بىرمۇ جەڭ كېمىسى يوق ئىدى. ئەسلىدە كارتاگو سېناتى بۇ ئۇرۇشنى «چىشلىسە ئېغىزغا

ھېچنېمە چىقمايدىغان، ئەمما تاشلىنىۋېتىشكە ئادەمنىڭ كۆزى قىيمايدىغان توخۇ قانىتى»غا ئايلىنىپ قالدى، دەپ قاراپ كېمىنى كارتاگوغا تولۇق قايتۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن سىتسىلىيەدىكى ئۇرۇشنىڭ بارلىق ئېغىرلىقى ھامىركانىڭ زىممىسىگە چۈشۈپ قالغانىدى.

رىمنىڭ يېڭىدىن يېتىپ كەلگەن 200 كېمىسىنى كۆرگەن كارتاگو سېناتى ئالدىراپ ـ تېنەپ شۇنچىلىك ساندىكى كېمىنى تەقلەپ جەڭگە تەييارلاندى. ئەمما بۇ كېمىلەر ئەيكات تاقىم ئاراللىرى ئەتراپىغا كەلگەندە رىم ئارمىيەسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. كارتاگو 120 كېمە زىيان تارتتى، بارلىق قوشۇن يېتىراپ كەتتى.

كارتاگونىڭ يەنە جەڭ قىلغۇدەك مادارى قالمىغاچقا، ھامىركاغا رىم بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا پەرمان قىلدى. بۇ ئۇرۇش ئۇزۇلمەي 24 يىل داۋام قىلغاچقا، رىمنىڭ پۇقرالىرىمۇ نامراتلاشقان، ھالسىرىغان بولۇپ، ئارام ئېلىشقا موھتاج ئىدى. شۇڭا يارىشىپ قېلىشقا قوشۇلدى. ئەمما تۈزۈلگەن شەرتنامە كارتاگوغا بەكمۇ پايدىسىز بولدى. ئۇنىڭدا مۇنداق بەلگىلەنگەنىدى:

كارتاگو سىتسىلىيە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەزى ئاراللاردىن ۋاز كېچىش؛

3200 رۇپىيە تارىيانتى (تەخمىنەن 4 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ) تۆلەش؛

بارلىق رىم ئەسىرلىرىنى قويۇپ بېرىش ھەمدە بۇندىن كېيىن ئىتالىيە پۇقرالىرىدىن ياللانما ئەسكەر ئالماسلىققا كاپالەتلىك قىلىش.

شۇنداق قىلىپ رىم كارتاگولۇقلاردىن غەربىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى زومىگەرلىكنى تارتىۋالدى، سىتسىلىيە رىملىقلارنىڭ

تۈنجى «مەمۇرىي ئۆلكە»سى (مۇستەملىكىسى) گە ئايلاندى.

## دوست بولماسلىققا قەسەم قىلىش

ھامىركا سىتسىلىيەنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 247 ـ يىلى) ئايالى ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. بالىنىڭ چاچلىرى بۇدۇر، كۆزلىرى تولىمۇ ئويناق ئىدى. ئۇلار بۇ بالىغا خانىبال دەپ ئىسىم قويدى.

ھامىركا ئوغلىغا سوۋغا سۈپىتىدە ئالدىنقى سەپتىن غەلىبە خەۋەرلىرىنى ئەۋەتىپ تۇردى. بىراق ئۇ ئوغلىنىڭ يېنىغا قايتقاندا «مەغلۇبىيەتچى» سەركەردىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇرۇش دۆلەتكە نامراتلىق ئېلىپ كەلگەن، رىملىقلار بىلەن تۈزگەن ھاقارەتلىك شەرتنامە بۇ باش سەركەردىنى شان ـ شۆھرەتلەردىن مەھرۇم قىلغانىدى. كىشى تېخىمۇ چىداپ تۇرالمايدىغىنى شۇ ئىدىكى، رىملىقلار بىلەن جەڭ قىلىدىغان جەڭگاھتىن ئايرىلغان بۇ سەركەردە دۆلەتكە قايتىپ كېلىپلا يەنە دۆلەت ئىچىدە ئۆز ئەسكەرلىرىنى قىرىدىغان جەڭگاھقا ئاتلانغانىدى.

چۈنكى ئۇرۇشتىكى مەغلۇبىيەت تۈپەيلى ھۆكۈمەت يۈزىگە قارا سۈرتۈلگەن، ئۇرۇش چىقىملىرى ۋە غايەت زور تۆلەم كارتاگونىڭ مالىيەسىنى تولىمۇ جىددىي ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. كارتاگو ناھايىتى كۆپ ساندا ياللانما ئەسكەر ئىشلەتكەن، ئۇرۇش ئاياغلاشقاچقا ئۇلار بىكار قالغان، يەنە بىر تەرەپتىن، ھۆكۈمەت ئۇزۇندىن بېرى ئۇلارغا كېلىشكەن ئىش ھەققىنى بەرمەسلىكتە، دەپ ئەنسىرىگەچكە، ئۇلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنىدى.

ۋەھشىيانە ئېكسپىلاتاتسىيەگە ئۇچرىغان لىبىيىلىكلەر

ۋە چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى قۇللارمۇ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتناشقانىدى. ئاياللار زىبۇ ـ زىنىنەت بۇيۇملىرىنى قوزغىلاڭچىلارغا خىراجەت قىلىشقا تەقدىم قىلىشقانىدى. قىسقىلا ۋاقىتتا قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى 100 مىڭدىن ئاشقانىدى. بۇ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كارتاگونىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىغانىدى. ئۇلار كارتاگو شەھىرىنى قورشىۋالغان، ساردىنىيە ئارىلىنى ئىگىلىگەنىدى. قوزغىلاڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 241 ـ يىلىدىن 238 ـ يىلىغىچە ئۈچ يىل داۋاملاشتى، ئەڭ ئاخىرىدا ھامىركا تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. ئۇ ئىسيانچىلار ئارمىيەسىدىن كارتاگونىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلىرىنى تارتىۋالدى.

ئەمما، كارتاگودىكى ياللانما ئەسكەرلەرنىڭ قوزغىلىڭى رىملىقلارغا ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ساردىنىيە ئارىلىدىكى ئىسيانچى قوشۇنلارنىڭ تەلىپى بىلەن رىم قوشۇن ئەۋەتىپ ساردىنىيە ۋە كورسىكا ئارىلىنى ئۆتكۈزىۋالدى ھەمدە ئۇ يەردە ئىككى «مەمۇرىي ئۆلكە» قۇردى.

تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، سىتسىلىيە ۋە ساردىنىيە ئارىلىنى قولدىن بېرىپ قويۇشتەك نومۇس كارتاگولۇقلارنىڭ يۈرىكىدە ناھايىتى چوڭقۇر داغ قالدۇردى. ھامىركا رىملىقلارنىڭ قىلمىشىدىن قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇ باشقا ۋەتەنپەرۋەر ئەزىمەتلەر بىلەن ۋەزىيەتنى ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىنى مۇھاكىمە قىلدى. نۇرغۇنلار، رېئاللىقنى ئاساس قىلىپ ئىسپانىيەنى ئوبدان ئاچىدىغان بولساق، پادىشاھلىقنىڭ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى زېمىنىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى، شۇنداقلا كېيىنكى كۈنلەردە رىملىقلار بىلەن جەڭ قىلغاندا بازا قىلىش ئۈچۈن ئۇ يەردە ھەربىي تەييارلىقلارنى قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ تەكلىپنى كارتاگو سېناتىغا سۇندى،

سېنات ئۇلارنىڭ پىلانىغا قوشۇلدى ھەمدە ھامىركانى ئىسپانىيە ئارمىيەسىنىڭ سەركەردىلىكىگە تەيىنلىدى.

شۇ يىلى خانىبال توققۇز ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ خاسدرۇبال، ماگو ۋە خاننو ئىسىملىك ئۈچ ئىنىسى بار ئىدى. بۇ چاغدىكى خانىبال گويا ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇچىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تەييارلانغان ئۆسمۈردەك ساغلام قەددى ـ قامەت ۋە قەيسىرانە ئىرادىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە لاتىن تىلى، گىرېك تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ خىل چەت ئەل تىلىنى ئۆگەنگەنىدى. ئەمما مۇشۇ يېشىغىچە، ئۇ ئاتىسىدىن، كارتاگو شەھىرىدىن ئايرىلىپ باقمىغان، باشقىچە تۇرمۇش كەچۈرمىگەنىدى.

كارتاگودىن ئايرىلىش ئالدىدا، ھامىركا خانىبالنى ئەگەشتۈرۈپ دوبېت بۇتخانىسىغا كېلىپ قۇربانلىق قىلدى، يەنى ئەرۋاھلارغا تىرىك قوي ـ كالا تەقدىم قىلدى. خانىبال ئۇنىڭ ئارقىسىدىلا ئاتىسىنىڭ نەزىر ـ چىراغ ۋە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشىغا قاراپ تۇردى. مۇقەددەس مۇراسىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئاتىسى تۇيۇقسىزلا بۇرۇلۇپ خانىبالغا قارىدى. ئۇ بەلكىم بۇ قېتىم ئىسپانىيەگە كەتسەم، قاچانلاردا قايتىپ كېلەرمەنكىن، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئوغلىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە خانىبالدىن مېھرىبانلىق بىلەن:

— ئوغلۇم، مەن بىلەن بىللە ھەربىي گازارمىغا بېرىشنى خالامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئەلۋەتتە، خالايمەن! — دېدى خانىبال دەرھاللا، — شۇنداق بولسا بەك ياخشى بولاتتى.

بۇ بەردەم ئۆسمۈر ئاتىسىنىڭ خۇددى ئەپسانىلەردىكىدەك جەڭ بىلەن ئۆتكەن ھاياتىغا بەكلا تەلپۈنەتتى. ئاتىسىدىن ئۇزۇن مۇددەت ئايرىلىش بولسا ئۇنى ئازابلايتتى.

ياللانما ئەسكەرلەرنى باستۇرۇش ئۇرۇشى داۋامىدا، ھامىركا

نۇمدىيەلىكلەرنىڭ ھەمكارلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، قىزىنى نۇمدىيەلىكلەرنىڭ باشلىقىغا ياتلىق قىلغانىدى، شۇڭا شۇ تاپتا بۇ توققۇز ياشلىق ئوغلىنى ئانىسى يېنىدىن ئېلىپ كېتىشكە پېتىنالماي تۇراتتى. ئۇ سەل ئارىسالدى بولدى.

خاننىبال مەغرۇر ھالەتتە:

— ئاتا، ئارىسالدى بولماڭ، سىز دائىم ئوغۇل بالا — ئەركەك دېگەن ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلىشى كېرەك، دەيتتىڭىزغۇ؟ — دېدى.

— ناھايىتى ياخشى! — ئوغلىنىڭ مۇنداق قەتئىيلىكىنى كۆرۈپ، ئاتىسىنىڭ قەلبى خۇشاللىققا چۆمدى، — ئەگەر سەن مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قەسەميات قىلساڭ، مەن سېنى ئېلىپ بارىمەن.

خاننىبال ماقۇل بولدى. ھامىركا ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ نەزىر - چىراغ مېھرابى ئالدىغا ئېلىپ باردى. باشقىلار يول بوشاتقاندىن كېيىن، ئۇ خاننىبالغا نەزىرلىكنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق قەسەم قىلىشنى بۇيرۇدى:

— مەن مەڭگۈ رىملىقلار بىلەن دوست بولمايمەن!

## 2. ئىرادىگە ۋارىسلىق قىلىش

ئىسپانىيە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدىكى ئىبېرىيە يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى پىرىنېر تاغ تىزمىسى يېرىم ئارال بىلەن ياۋروپادىكى باشقا جايلار ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي چېگرا سىزىقىغا ئايلانغان. يېرىم ئارالنىڭ جەنۇب تەرىپى ئافرىقىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكى بىلەن جەبىلتارىق بوغۇزى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئىسپانىيەنىڭ غەربىي ۋە شىمالىي قىرغاقلىرى ئاتلانتىك ئوكيانغا تۇتىشىدۇ، شەرقى بولسا تارىختىن بۇيان ئۇرۇش ئەڭ كۆپ بولغان ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ.

خۇددى دۇنيانىڭ ھەرقايسى قەدىمىي قۇرۇقلۇقلىرىغا ئوخشاش، ئىسپانىيەدىمۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 500 مىڭ يىل ئىلگىرىلا ئادەملەر ئولتۇراقلاشقان. ئارتامىرا قاتارلىق جايلاردا مىلادىيەدىن 10 ــ 25 مىڭ يىل ئىلگىرىكى كونا تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ قىياتاش تام سۈرەتلىرى بار. لېۋانتتا يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن چاغلىرى بولغان مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3000 ــ 4000 يىللارغا تەئەللۇق تاش سۈرەتلىرى بار. ئارخېئولوگلار يەنە يېرىم ئارالنىڭ جەنۇب قىسىملىرىدا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2500 يىللار ئەتراپىدا مېتاللارنى ئىشلەتكەنلىكىنى بايقىغان. يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ

«تۈيۈقسىزلا ئاخىرلىشىشى»، بەلكىم شەرقنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ غەربكە تارقىلىشىدا ئىجابىي رول ئوينىغان ئۇلۇغ ئىشارىتى بولسا كېرەك.

ميلادىيەدىن ئىلگىرىكى VIII — IX ئەسىرلەردە، ئوتتۇرا ياۋروپادىكى كېلتلار پىرىنېي تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈپ بۇ يېرىم ئارالغا كېلىپ، بارا ـ بارا شەرق ـ غەرب تەرەپلەردىكى يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن شالغۇتلىشىپ، كۆپ قەبىلە شەكىللەندۇرگەن. تەخمىنەن شۇ دەۋرلەردە، فىنىكىيەلىكلەرمۇ ئىسپانىيەگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان.

## گازارمىدىكى ئۆسمۈر ئەسكەر

ميلادىيەدىن ئىلگىرىكى 237 ـ يىلى، ھامىركا كارتاگو قوشۇنىنى باشلاپ قۇرۇقلۇق يولى بىلەن شىمالىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ غەربكە يۈرۈش قىلدى، «كىلگىرس تاش تۈۋرۈكى» دەپ ئاتىلىدىغان جايدا جەبىلتارىق بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، ئىسپانىيەنىڭ جەنۇبىدىكى كادىس دېگەن جايدا قۇرۇقلۇققا چىقتى ۋە ناھايىتى تېزلا ئارالنىڭ جەنۇب ۋە شەرق قىسىملىرىنى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ يۈرۈشكە قاتناشقانلار ئىچىدە ئۇنىڭ كۈيۈ ئوغلى — كارتاگونىڭ مەشھۇر سەركەردىلىرىنىڭ بىرى خاسدرۇبال، توققۇز ياشلىق ئوغلى خاننىبال بار ئىدى.

ئىسپانىيەدىكى ھەربىي گازارمىدا، خاننىبال ئاتىسى بىلەن بىللە قوماندانلىق ئىشتابىدا تۇرماستىن، بەلكى ئاددىي ئەسكەرلەر بىلەن ئاش ـ تاماقتا، يېتىش ـ قوپۇشتا، ئات چاپتۇرۇش مەشىقلىرىدە، سەپەرلەردە بىللە بولۇپ، قار ـ شىۋىرغان، بوران ـ چاپقۇن، پىژغىرىم ئىسسىقلاردا چېنىقتى. تويتوغرا توققۇز يىل ئىچىدە، ئۇ قىزغىن، ئاسان

ھاياجانلىنىدىغان ئۆسمۈردىن ئاجايىپ زېھنىغا، ئات مىنىش، قىلىچۋازلىقتا يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە ياش يىگىتكە ئايلاندى. شۇنداقلا ئاتىسى ۋە يېزنىسىنىڭ تەربىيەسى بىلەن كەلگۈسىدىكى سەركەردىگە خاس زېرەكلىك، چەبدەسلىك، تەمكىنلىك ۋە قورقۇمسىزلىققا ئىگە بولدى.

مۇشۇ جەرياندا، خاننبالنىڭ ئاتىسى، ئوغلىنىڭ كەلگۈسىدە بۈيۈك تۆھپىلەرنى يارىتىشى ئۈچۈن كەسپىي ۋە مۇھىت جەھەتتە پۇختا ئاساس سالدى: توققۇز يىللىق جەڭ ئارقىلىق، ئۇ شۇ يەرلىك پۇقرالار ــ ئىبورىئانلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئىسپانىيەنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلىدى. ئىگە بولغان مال ــ مۈلۈكلەرنىڭ بىر قىسمىنى جەڭگە قاتناشقان ئەسكەرلەرگە بۆلۈپ بەردى؛ بىر قىسمىنى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇردى؛ يەنە بىر قىسمىنى دۆلەت ئىچىدىكى پىكىرداشلىرىغا بەردى. ھەربىي كۈچنى تولۇقلاش ئۈچۈن، يەرلىك ئاھالىدىن 50 مىڭنى ئەسكەرلىككە ئالدى. شۇڭا توققۇزىنچى يىلىغا قەدەم قويغاندا، ئۇ 60 مىڭ پىيادە، 8000 ئاتلىق ئەسكەرگە، 200 جەڭ پىلىغا ئىگە بولدى.

ھامىركانىڭ ئىسپانىيەدىكى ھەرىكەتلىرى رىملىقلاردا گۇمان پەيدا قىلدى، ئۇلار بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى ئىسپانىيەگە ئەۋەتىپ ھامىركادىن زادى نېمە قىلماقچىلىقىنى سورىدى. ھامىركا مۇنداق جاۋاب بەردى:

24 يىللىق ئۇرۇش كارتاگو ھۆكۈمىتىنى بەكمۇ نامرات ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. سىتسىلىيەدىكى مەغلۇبىيەت يەنە بىزگە كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز تۆلەمنى ئارتىپ قويدى. رىم بىلەن تۈزگەن تىنچلىق ئەھدىنامىسىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن بىز يېڭى بايلىق مەنبەسىنى ئېچىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئەگەر سىلەر مەندىن ئىسپانىيەدىكى ھەرىكەتلىرىمنىڭ مەقسىتى نېمە دەپ

سورىساقلار، جاۋابىم شۇكى، مەقسەت بىرلا: ئۇ بولسىمۇ قەرز تۆلەش.

رىم ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ گۇمانى يەنىلا يوقالمىدى. ئەمما ھامىركا كۆرسەتكەن تولۇق ئاساسلار ئالدىدا قايتا ئېغىز ئېچىشقا ئامال تاپالمىدى ـ دە، ئىسپانىيەدىن ئايرىلدى.

ئەمما بەختسىزلىك كەلدى، ھامىركا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 228 ـ يىلى، ئىبورىئانلار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە سوغا چۆكۈپ كېتىپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ تاماملاپ بولالمىغان ئىشلىرى كۈيۈ ئوغلى خاسدرۇبالغا قالدى.

خاننىبال شۇ يىلى 18 ياشتا ئىدى. ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ كارتاگوغا قايتىپ كېلىپ، تۈگىتەلمىگەن ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇردى.

## ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ياش سەردارى

ھامىركانىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزىۋالغان خاسدرۇبال «چىرايلىق يىگىت» دېگەن نامغا ئىگە ئىدى. ئۇ ئۇرۇشتا باتۇر بولۇپ، پىلان ـ تەدبىرگىمۇ ماھىر ئىدى. ئۇ قەبىلىئاتىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇرۇش بازىسىنىڭ تەييارلىقىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، كارتاگونىڭ زېمىنىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى، كېڭەيتىش ئۇسۇلىدا قەبىلىئاتىسىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ مەيلى ئىسپانىيەلىكلەر ياكى رىملىقلارغا مۇئامىلە قىلىشتا بولسۇن، سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە يولى بىلەن تىنچ ھەل قىلىشقا بولىدىغانلىكى مەسىلىلەردە ئالدىراپ ـ سالدىراپ قورال كۈچى ئىشلەتمەسلىكنى تەشەببۇس قىلدى.

خاسدرۇبال كارتاگو ئارمىيەسىنىڭ سەركەردىلىكىنى ئۆتىگەن مەزگىلدە، ئۇ ئىسپانىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى

ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدا بىر يېڭى شەھەر بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭغا «يېڭى كارتاگو» دەپ نام بەدى. بۇ شەھەر كارتاگونىڭ ئىسپانىيەدىكى ئاساسلىق قارارگاھى ۋە ھەربىي تەييارلىقلار بازىسىغا ئايلاندى. شەھەر ئەتراپىدا مول كۈمۈش كانلىرى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن خاسدرۇبال پۈتۈن ئۇرۇشىدا رىملىقلارغا بولۇپ قالغان قەرزنى تولۇق تۆلەپ، كارتاگونى قەرزى يوق دۆلەتكە ئايلاندۇردى.

كارتاگونىڭ شىمالغا قاراپ تېز ئىلگىرىلىشى رىمنىڭ ئىتتىپاقدىشى ماسىلىيە (ھازىرقى فىرانسىيەنىڭ مارسېل شەھىرى) بىلەن پايدا - مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولغان رايونلارغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىسپانىيەنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىدا نۇرغۇن سودا نۇقتىلىرى بار ئىدى. شۇڭا رىملىقلار ئىسپانىيەدىكى خاسدۇربال قېشىغا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ مۇنداق كېلىشىم ھاسىل قىلدى: ئېبرو دەرياسى كارتاگولۇقلار پائالىيەت دائىرىسىنىڭ شىمالىي چېگرىسى بولۇش، كارتاگو ئارمىيەسى ئېبرو دەرياسىدىن ئۆتمەسلىك، رىملىقلار ئۇلارنىڭ غەربىي جەنۇب رايونلىرىدىكى ئىش - پائالىيەتلىرىگە ئارىلاشماسلىق. بۇ كېلىشىم ئەمەلىيەتتە كارتاگونىڭ ئېبرو دەرياسىنىڭ غەربىدىكى كەڭ زېمىنغا بولغان ئىگىدارلىقىنى ئېتىراپ قىلغانىدى، شۇنداقلا ئۇ كارتاگونىڭ ئىسپانىيەدىكى ئىشلىرىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق ئىدى، شۇڭا خاسدرۇبال ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئىمزا قويىدى.

خاننىبالنى تەربىيەلەش، ئۇنى ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن، خاسدرۇبال مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 224 - يىلى خاننىبالنى يېنىغا چاقىرىپ، ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن بۇ يىگىتنى پۈتۈن ئارمىيەدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ

سەردارلىقىغا تەيىنلىدى. خاننىبال يېزىنىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ يېتەكلىشى بىلەن ئەسكەر تۇرغۇزۇش ۋە ئەمەلىي جەڭ قىلىشقا دائىر تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش قائىدىلىرىنى ئۆگەندى، ئۆزىنىڭ ئەسكەر ئىشلىتىش بىلىمى ۋە رەھبەرلىك ئىقتىدارىنى روشەن ئىپادىلىدى. مانا شۇنداق قىلىپ، خاسدرۇبال تېخىمۇ ئېغىر ۋەزىپىلەرنى مەقسەتلىك ھالدا خاننىبالغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى نامايان قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

خۇددى تەڭرى بىلەن كېلىشىۋالغاندەك، خاسدرۇبال ئۆزىنىڭ ھاياتىي ئىشلىرىنى ئەڭ شانلىق پەللىلەرگە كۆتۈرگەن، قېيىنئاتىسىنىڭ «مەخپىي پىلان» نى تازا مۇكەممەل دەرىجىگە يەتكۈزگەن چاغدا — مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 221 ـ يىلى، بىر قېتىملىق يۇرۇشتە ئۇنى يەرلىك كىشىلەر ئۆلتۈرىۋەتتى.

## خەتەرلىك پەيتتە خەنجەرنى قولغا ئېلىش

كارتاگو ئارمىيەسى بىر كېچىدىلا دانا سەركەردىسىدىن ئايرىلىپ قالدى، ئەمما نىشانىدىن ئادىشىپ قالمىدى. پۈتۈن ئارمىيە دەرھاللا ئۆزىنىڭ يېڭى سەركەردىسىنى سايلاپ چىقتى. بۇ يېڭى سەركەردە تۇنجى سەركەردىنىڭ ئوغلى، ئىككىنچى سەركەردىنىڭ قېيىنئىنىسى 25 ياشلىق خاننىبال ئىدى.

كۆپ يىللىق ھەربىي تۇرمۇش خاننىبالدا قەيسىرانە جاسارەت ۋە جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەنىدى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە قوماندان ـ گېنېراللىرى شۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتىكى، خاننىبال گويا ئالاھىدە ماتېرىيالدىن ياسالغان ئادەمگە ئوخشاش، ئەڭ خەتەرلىك چاغلاردىمۇ قىلچە ھودۇقماستىن، ئەركىن ـ بىمالال ھەرىكەت قىلاتتى؛ ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئەھۋالدىمۇ ئۇنىڭ

چىرايىدا ھارغىنلىق كۆرۈنمەيتتى؛ ئىسسىققىمۇ، سوغۇققىمۇ چىدايتتى؛ ئاددىي غىزالىناتتى، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلمەيتتى؛ خىزمەتتە كېچە ـ كۈندۈز دېمەيتتى، پەقەت ئومۇمىي ئىشلاردىن بوشانغاندىلا ئارام ئالاتتى؛ كىشىلەر دائىم ئۇنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى قاراۋۇللار بىلەن ئاددىيغىنا يوتقانغا يۆگىنىپ يەردە ياتقانلىقىنى كۆرەتتى. كىيىم ـ كېچەكى قوشۇندىكى ئاددىي كوماندىر ـ ئەسكەرلەرنىڭكىدىن پەرقلەنمەيتتى. پەقەت ئىككىلا نەرسىسى ئالاھىدە ئىدى: بىرى، ئۇنىڭ ئاتتا ئولتۇرۇش ھالىتى، يەنە بىرى، شەمشىرى. مەيلى ئات مىنىش تېخنىكىسى ياكى ھەربىي يۈرۈش جەھەتتە بولسۇن، ئۇ پۈتۈن ئارمىيەدە ئەڭ ئالدىنقى رەتتە تۇراتتى. نۇرغۇن جەڭدە، دۈشمەن ئىستېھكامىغا ھەممىنىڭ ئالدىدا ھۇجۇم قىلغان. جەڭگاھتىن ھەممىنىڭ ئارقىسىدا چېكىنگەنىدى. شۇڭا ئۇ كارتاگونىڭ سىناتى ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەنىدى.

ئەمما، خاننىبال بۇرۇن باشقىلارنىڭ قوماندانلىقىدا جەڭ قىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ نامىنى دۈشمەنلىرى ئانچە بىلىپ كەتمەيتتى، شۇڭا ئۇلار كارتاگو ئارمىيەسى باش سەركەردىسىدىن ئايرىلىپ قالغان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇلار ئىگىلەپ تۇرغان يەرلەرنى پىلە قۇرۇتىدەك يېيىشنى باشلىغانىدى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، كارتاگو ئارمىيەسىنىڭ يېڭى سەركەردىسى ئاغزىدىن تېخى ئانا سۈتى پۇراپ تۇرىدىغان، پەقەت ئاتىسىنىڭ سايىسىدا كۆكلەپ يۇقىرىغا چىقىۋالغان بالا ئىدى. كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، مۇنداق ئادەملەر پەقەت تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غاللار ئىدى، خالاس.

ئىسپانىيەلىك يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن تاگۇستا ئېلىپ بېرىلغان جەڭ خاننىبال سەركەردە بولغاندىن كېيىنكى تۇنجى جەڭ بولدى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 221 ـــ 220 ـ يىللىرىدىكى ئىككى قېتىملىق جەڭدە، خاننىبال ئۇرۇشخۇمار ئولكادىپىسلارنى بويسۇندۇرۇپ، ۋاككېيلارنىڭ ئىككى شەھىرىنى تارتىۋالدى. ئەمما ئۇلار قايتىش سەپىرىدە تاگۇست دەرياسى بويىغا كەلگەندە، ئۇلارغا دۈشمەن بولغان مۇشۇ رايوندىكى قەبىلىلەرنىڭ بىرلەشمە يوشۇرۇن ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى.

جەم بولغان دۈشمەن 100 مىڭچە ئىدى، بىراق خاننىبالنىڭ ھارغان ـ چارچىغان قوشۇنىدىكى ئەسكەر بۇنىڭ يېرىمىدەكمۇ كەلمەيتتى. ئۇلار نائىلاج جەڭ قىلدى. خاننىبال شۇنى روشەن كۆردىكى، دۈشمەن كۈچلۈك، ئۆزى ئاجىز بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەن ھالسىرىغان قوشۇنغا پۇختا تەييارلىق بىلەن زەربە بەرمەكچى بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، بازا ئۇرۇشى قىلىش پايدىسىز ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىمكان بار دۈشمەن بىلەن روبىرو تۇتۇشماي، قوشۇننى دەريادىن تارقاق ھالدا ئۆتكۈزۈش، ئاندىن قارشى قىرغاقتا ئىستىھكام قۇرۇپ، قوغلاپ كەلگەن دۈشمەنگە «توسۇپ زەربە بېرىش» نى قارار قىلدى.

ئۇ قوشۇنلىرىنى پىلان بويىچە ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، راست دېگەندەك دۈشمەن ئارقىدىن قوغلاپ كەلدى. خاننىبالنىڭ قوشۇنلىرى دەريا يۈزىنى قامال قىلغان ئەھۋال ئاستىدا، دەريادىن زورمۇزور ئۆتمەكچى بولدى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى قىرغاقتىكى ئوقياچىلار ۋە تاش ئاتقۇچىلار ئۆلتۈردى، ئۇنىڭدىن ئامان قالغانلىرىنى خاننىبالنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى دەريا ئىچىدە قىرىپ تاشلىدى. تېخى جەڭگە كىرگۈدەك بولمىغان خېلى كۆپ كىشى سۇغا غەرق بولدى، تەلىيى كېلىپ قىرغاققا ئامان چىققانلارنى پىللار چەيلىۋەتتى...

قارشى قىرغاقتا بۇ ئېچىنىشلىق قىرغىنچىلىقنى كۆرۈپ تۇرغان دۈشمەنلەر ئالغا قەدەم ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئەمما

ئارقا تەرەپتىكى نۇرغۇنلارغا ئەھۋال قاراڭغۇ ئىدى. شۇڭا ئۇلار يوپۇرۇلۇپ ئالغا يوگۇردى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر بىر - بىرىنى دەسسەپ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. دەل مۇشۇ چاغدا خاننىبال يوشۇرۇن قوشۇنلىرىنى قايتۇرما ھۇجۇمغا بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ، 100 مىڭدەك دۈشمەن تىرىپىرەن قىلىۋېتىلدى.

خاننىبالنىڭ بۇ تۈنجى غەلىبىسى ئىسپانىيەلىكلەرنى يۈرەكئالدى قىلىۋەتتى، ئىتتىپاق تۈزگەن قەبىلىلەر ساراسىمىگە چۈشتى، دۈشمەنلەشمەكچى بولغان قەبىلىلەر ئاستا بېشىنى ئىچىگە تىقتى.

## ساگەندان ئۇرۇشى

خاننىبال ئىسپانىيەدىكى قوشۇنلارنىڭ سەركەردىسى بولغان چاغدا، رىملىقلار ئالىپ تاغلىرىنىڭ جەنۇبى (قىسقارتىلىپ جەنۇب دېيىلىدۇ)دىكى كېلتلارنىڭ يېرىنى ئىگىلىۋالغانىدى ۋە ئۇدۇللا سانىنانغا قوشنا ئىبېرىيە يېرىم ئارىلىغا يۈرۈش قىلغانىدى. ئۇلار ئىسپانىيەنىڭ ساگەندان شەھىرى بىلەن بولغان غەيرىي رەسمىي ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، كارتاگوغا دۈشمەن كۈچلەرنى يۆلەپ تەختكە چىقىرىپ، ساگەندان ئەتراپىدىكى قەبىلىلەر ئارىسىدا قانلىق توقۇنۇشلارنى پەيدا قىلىپ، ئىسپانىيەدىكى ئەمەلىي تەسىرىنى كۈچەيتىش كويىدا بولىۋاتاتتى.

تاگۇست دەرياسىدىكى جەڭدىن كېيىن، خاننىبال ئەمەلىيەتتە ئىبرو دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ئىبېرىيە يېرىم ئارىلىنى كونترول قىلغانىدى. پەقەت ساگەندانلا بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى. بۇ شەھەر رىملىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئىسپانىيەدىكى 16 يىللىق جەڭ داۋامىدا، خاننىبالنىڭ ئاتىسى ۋە

يېزنىسى ــ كارتاگو قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنقى ئىككى نۆۋەتلىك سەركەردىسى بۇ شەھەرگە زادىلا تەگمىگەنىدى. ئۇلار پۈنىك ئۇرۇشىنىڭ ساۋاقلىرىنى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، شارائىت پىشىپ يېتىلمىگەن ئەھۋالدا رىملىقلار بىلەن قارامىلارچە جەڭ قىلىشنى خالىمىغانىدى. شۇڭا رىملىقلار ئىككى نۆۋەت تەكشۈرۈشكە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتكەندە، ئۇلار ئاغزىدىلا ھە دەپ قويۇپ، تۆۋەنچىلىك پوزىتسىيەسى بىلەن رىم ئەلچىلىرىنى ئالداپ قويغانىدى. خاننىبال دەۋرىگە كەلگەندە، بىر تەرەپتىن، كارتاگونىڭ ئەمەلىي كۈچى زور دەرىجىدە زورايدى، يەنە بىر تەرەپتىن، رىملىقلار ساگەنداننى بازا قىلىپ ئۆزۈكسىز ۋەقە پەيدا قىلىپ، خاننىبالغا رىملىقلار بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىن ئىلگىرى كۆزگە قادالغان مۇشۇ تىكەننى ئېلىۋېتىش زۆرۈرلۈكىدىن سىگنال بەردى. رىملىقلارنىڭ ئېبرو دەرياسىنىڭ غەربىگە ئارىلىششى كارتاگوغا كېلىشىمنى بىكار قىلىش پاكىتلىرىنى يارىتىپ بەردى. رىملىقلار بىلەن رەسمىي كوزىر كۆرسىتىشتىن ئىلگىرى رىملىقلار بىلەن راسا بىر ئېلىشىپ، رىملىقلارنى ئالدى بىلەن جەڭ ئېلان قىلىشقا مەجبۇرلىغاندا، بۇ ئۇرۇش كارتاگو ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا يۈزدە ـ يۈز ئېرىشەلمەيتتى. مۇشۇ ئىككى ئەندىشىنى تۈگەتكەندىلا، خاننىبال ئاندىن رىملىقلار بىلەن ھېچ نەرسىدىن ئەنسىرىمەي جەڭ قىلالايتتى.

پىلاننى پىشۇرغاندىن كېيىن، خاننىبال دەرھاللا ساگەندان شەھىرىنى قورشىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىملىق پۈنىك ئۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى.

ساگەندان شەھىرى ئىسپانىيە يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقىدىكى بىر تاغ تىزمىسىنىڭ ئەڭ چېتىگە، يېڭى كارتاگو شەھىرى بىلەن ئېبرو دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا

جايلاشقان. پۈتۈن شەھەر قورام تاش ئۈستىگە سېلىنغان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 300 ئىنگلىز چىسى ئېگىز ئىدى، تۆت ئەتراپىدا مۇستەھكەم سېپىل بار ئىدى. شۇڭا بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلماق بەسى مۈشكۈل ئىدى. كارتاگو ئارمىيەسىنىڭ بۇرۇن ئىشلەتكەن ھۇجۇم ئۈسكۈنىلىرى كارغا كەلمەيتتى. غەرب تەرەپتىكى سېپىل ئەڭ قېلىن بولسىمۇ، ئەمما باشقا تەرەپلەردەك تىك قىيالىق ئەمەس ئىدى. شۇڭا خاننىبال ساگەندان شەھىرىنى 100 مىڭچە قوشۇن بىلەن سەككىز ئاي قورشاپمۇ ئالالمىدى. تېخى ساگەندانلىقلار نەچچە قېتىم شەھەر سىرتىغا چىقىپ ھۇجۇم قىلدى، خاننىبال پۇتىغا ئوق تېگىپ يارىلاندى. ئۇرۇش بەكمۇ ئۆزۈنغا سوزۇلىدىغاندەك قىلاتتى.

ھالبۇكى، تېخى 8 ـ ئاي ئۆتمەيلا، ساگەندان شەھەر قوۋۇقى تۇيۇقسىزلا ئېچىۋېتىلدى. ئەسلىدە خاننىبال بۇ شەھەرنى ھۇجۇم قىلىپ ئېلىشنىڭ قىيىنلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، يوشۇرۇن ھالدا ئۆزىنىڭ ئافرىقىلىق ئەسكەرلىرىدىن بىر تۈركۈمنى سېپىلنىڭ يوشۇرۇن بىر يېرىدىن لەخمە كولاشقا ئەۋەتكەنىدى. ئۇلار ئاخىر لەخمىنى كولاپ بولغانىدى، كارتاگو قوشۇنلىرى مۇشۇ لەخمە ئارقىلىق شەھەرگە كىردى.

قوشۇن ساگەنداندىكى بايلىق، قۇللارنى بۇلاپ ـ تالىدى. خاننىبال قۇللارنى ئۇرۇش باتۇرلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى، ئالتۇننى قوشۇن خىراجىتىگە قالدۇردى، نۇرغۇن بايلىقنى كارتاگوغا ئەۋەتتى. كارتاگو شەھىرى بايرام تۇسىگە كىردى.

## فابىئۇسنىڭ پەش قايرىشى ــ رىمنىڭ ئۇرۇش ئېلان قىلىشى

ساگەنداندىن ئەۋەتىلگەن جەڭ غەنىيمەتلىرى كارتاگوغا

يېتىپ كەلگەن چاغدا، رىم سېناتى ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمىكىمۇ دەرغەزەپ بولۇپ كارتاگوغا يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇلار خاننىبالنى كېلىشىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، دەپ ئەيىبلىدى ھەمدە كارتاگو ھۆكۈمىتىگە ئۇلتىماتۇم تاپشۇرۇپ، خاننىبالنى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەگەشكۈچىلىرىنى بىزگە تاپشۇرۇشۇڭلار كېرەك، بولمىسا سىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىمىز، دېدى.

20 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئۇرۇشتىكى مەغلۇبىيەت كارتاگولۇقلارنىڭ ئېسىدىن ئاساسەن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، كۆز ئالدىدىكى ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى دۆلەتنىڭ تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرىنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىۋەتكەنىدى. ئۇلار بۇرۇنقىدەك قول قوۋۇشتۇرۇپ خوپ ـ خوپ، دەپ تۇرۇشنى چۆرۈپ تاشلاپ، ۋەكىللەر ئۆمىكى ئالدىدا تولىمۇ مەغرۇر ھالدا مەنسىتمەسلىك ھالىتىدە تۇردى.

رىم ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى فابىئۇس ئىسىملىك سېنات ئىدى. كارتاگولۇقلارنىڭ پوزىتسىيەسى ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ئۇ پەرىجىسىنىڭ ئالدى پېشىنى قايرىپ بىر خالتا شەكىلگە كەلتۈردى ـ دە، ئۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ كارتاگو ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا:

— بىز قۇرۇق قول كەلمىدۇق. بۇ يەردە سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن ئىككى نەرسە بار، بىرى ئۇرۇش، يەنە بىرى تىنچلىق. ھازىر سىلەرگە بىرلا پۇرسەت بار، ئۇنىڭدىن بىرىنى تاللايسىلەر، قېنى تاللىۋېلىڭلار، — دېدى.

كارتاگولۇق ئەمەلدار مەغرۇر ھالدا:

— ئىختىيار سىزدە! — دېدى.

— مەن سىلەرگە ئۇرۇش بېرىمەن! — دېدى فابىئۇس پېشىنى قېقىپ ۋارقىراپ.

— بىزمۇ تەييار! — دېدى نەق مەيداندىكى كارتاگولۇقلار تەڭلا.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 218 ـ يىلى رىم، كارتاگوغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى گېنېرال سكىپو باشچىلىقىدا ئىسپانىيەگە ۋە كارتاگو زېمىنىغا ھۇجۇم باشلىدى.

## 3. چەكسىز جاپا ـ مۇشەققەت

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 218 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، خاننىبال خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا، ئاپپىنىن يېرىم ئارىلىدا تۇيۇقسىزلا پەيدا بولدى. ئىتالىيە زىلزىلىگە كەلدى! رىم زىلزىلىگە كەلدى!! پۈتۈن دۇنيا زىلزىلىگە كەلدى!!!

— ئۇ قەيەردىن كەلدى؟

— بىز نېمىشقا سېزەلمىدۇق؟

— رىم جىددىي خەۋپتە!

ئەلۋەتتە، ئۇ ئاسماندىن چۈشمىگەنىدى. خاننىبال ئىلاھ ئەمەس ئىدى. خۇدا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە، ئەلۋەتتە شۇ قاتاردا خاننىبالغىمۇ ئۇچۇش قانات ئاتا قىلمىغانىدى. ئايروپىلاننىڭ ئىجاد قىلىنىشى بولسا مىڭ يىللاردىن كېيىنكى ئىش ئىدى. ئۇنىڭ دېڭىزدىن كېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى بىرىنچى نۆۋەتلىك پۇنىك ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى ھەربىي ئۈستۈنلۈك رىملىقلارنىڭ قولىدا بولۇپ كەلگەچكە، دېڭىزدىن ھۇجۇم قىلغاندا مۇقەررەر رەۋىشتە قۇدرەتلىك رىم دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرايتتى، دېڭىزدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ھامان پۈتۈن ئارمىيە گۇمران بولۇش خەۋپىگە دۇچ كېلەتتى.

راست، ئۇ پەقەت شىمالدىن كېلەلەيتتى. ئىتالىيە يېرىم ئارىلى بىلەن ياۋروپا ئوتتۇرىسىدىكى «تەبىئىي توسۇق» تىن

ئۆتۈپ، ئالپ تاغلىرىنىڭ يىللار بويى ئېرىمەيدىغان قار ـ مۇزلىرىنى ئاياغ ئاستىدا چەيلەپ، ئادەم ئاياغ باسمىغان، ئۇچار قۇشلارمۇ كېلىپ باقمىغان، تولىمۇ جاپالىق، خەتەرلىك يولنى بېسىپ ئۆتكەندىلا بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلەيتتى. ناۋادا ئۇ قوشۇننى باشلاپ ھەقىقەتەن ئالپ تاغلىرىنى بويسۇندۇرسا ئىلاھلىققىمۇ يېتىشىپ قالاتتى.

ساراسىمىگە چۈشكەن رىم سېناتى خاتالىق ـ سەۋەنلىكنىڭ قەيەردىلىكىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرمەيلا، تۇنجى قىلىغان ئىشى خەرىتىدىن ئۆزلىرىنىڭ يىراقتا ئاتلانغان قوشۇنىنىڭ قەيەرگە يېتىپ بارغانلىقىنى ئىزدەش بولدى...

## گائۇللار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش

ئەسلىدە خاننىبالنىڭ ئاتىسى ھامىركا كارتاگو دېڭىز ئارمىيەسى ۋەيران بولغان، ئۆزى ستسىلىيەدە «مەغلۇبىيەتسىز مەغلۇپ» بولغاندىن كېيىن، رىمغا قۇرۇقلۇقتىن ھۇجۇم قىلىش ئىستراتېگىيەسىنى تۈزۈپ چىققانىدى. بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ ئالدى بىلەن جۇغراپىيەلىك ئورۇن جەھەتتىن رىم بىلەن پەقەت ئىككى تاغ ئارقىلىقلا ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئىسپانىيەنى تاللىغان ۋە ئۇنى ئالغا ئىلگىرىلەش بازىسى قىلغانىدى. ئۇ مەنپەئەتنىلا كۆزلەيدىغان كارتاگو ھۆكۈمىتىگە بۇ پىلاننى تەستىقلىتىشنىڭ تولىمۇ قىيىنلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسىي دۈشمەنلىرىنىڭ بارلىق ئاماللار بىلەن قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، قەستەن ھالدا ئىسپانىيەگە يۈرۈش قىلىپ، كارتاگو قوشۇنىدىكى ئۆز تۇپرىقىغا تايىنىۋېلىش ئىدىيەسىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشنى ئويلىغانىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئىزباسارى خاسدرۇبال

بارلىق ھاياتىنى مۇشۇ ئىشقا بېغىشلىغانلىدى ۋە ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا مۇشۇ بىرىنچى قەدەمنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئىككىنچى قەدەم، ئالىپ تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ئىتالىيەگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەييارلىقنى ياخشى ئىشلەش ئىدى.

ئۈچىنچى قەدەم، مۇۋاپىق پەيتنى تاللاپ پىلاننى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئىدى.

بۇ قېتىمقى يىراقتا يۈرۈشكە تەييارلىنىش ئۈچۈن، خاننىبال بىر تەرەپتىن ئەسكەر ئەۋەتىپ كارتاگونىڭ ئۆز زېمىنىنى ۋە كارتاگوغا قارام ئىسپانىيەنى ئوبدان ساقلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، رازۋېدكىچىلارنى ئەۋەتىپ ئالىپ تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى گائۇللاردىن ئەھۋال ئۇقۇشتى، يۈرۈش يولىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق يىراقتا يۈرۈشتە ئۆتمىسە بولمايدىغان ئالىپ تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى گائۇللار ۋە پو دەريا رايونىدا مۇنبەت زېمىن ۋە كۆپ ئادەم بارلىقىنى، ئۇ يەردىكى جەڭچىلەرنىڭ ناھايىتى باتۇر، جەڭگە ماھىرلىقىنى، ناۋادا ئۇلار خاننىبال بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالسا، خاننىبالنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئالىپ تېغىدىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتكەن تەقدىردىمۇ رىمغا ئامان ـ ئېسەن بارالىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلىگەندە، خاننىبالنىڭ ھارغان ـ چارچىغان ئەسكەرلىرى ماددىي جەھەتتىلا ياردەمگە ئېرىشىپ قالماي، يەنە نۇرغۇن ئەسكەرگە ئىگە بولاتتى. شۇڭا خاننىبال ئىتتىپاق تۈزۈش مۇمكىنچىلىكى بار ـ يوقلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن دەرھال ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى.

رىملىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئىتالىيە يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش داۋامىدا جەنۇبلۇق گائۇللار ئارىسىغا چاچقان ئۆچمەنلىك ئۇرۇقلىرى تۈپەيلىدىن، كەلگۈسىدىكى

دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىدىغان نىجاتكارلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. خۇددى خاننىبال پەرەز قىلغاندەك، جەنۇبتىكى كېلتلار رىملىقلار بىلەن زادىلا كېلىشەلمەيدىغان رەقىب بولغاچقا، خاننىبالنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ تەكلىپىگە ناھايىتى تېزلا قوشۇلدى ھەمدە ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ:

— ئالىپ تاغلىرىنىڭ يولى گەرچە خەتەرلىك بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تاغدىن ئۆتۈش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئەمەس، — دېدى.

خاننىبال ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمىكى ئۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشتەك تارىخىي بۇرچىنى ناھايىتى تېزلا ئورۇنلىدى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 218 ـ يىلى باھاردا رىم كارتاگوغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى. بۇ چاغدا رىم قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمى ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىغا جەم بولۇپ، كارتاگونىڭ ئۆز زېمىنىنى بويسۇندۇرۇش ۋە كارتاگونىڭ ئىسپانىيەدىكى كۈچلىرىنى باستۇرۇشقا تەييارلانغانىدى. بۇنىڭ بىلەن رىمنىڭ شىمالىدىكى ئەسكىرىي كۈچى ئاجىزلاپ، مۇداپىئەسى بوشاپ قالغانىدى. خاننىبال بۇنىڭ دەل رىمغا قورۇقلۇقتىن ھۇجۇم قىلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى.

شۇ يىلى 4 ـ ئايدىن كېيىن، خاننىبال ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ۋە يىراقتا يۇرۇش قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى تاماملىدى. ئۇ ئۆز قوشۇنىدىكى ئەڭ ياراملىق لىبىرىيەلىكلەرنى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئافرىقىغا قايتۇردى، ئىسپانىيەنى قوغداشقا ئىنىسى خاسدرۇبالنى قالدۇردى. بۇلار رىملىقلارنىڭ ھۇجۇملىرىنى قايتۇرۇش ھەمدە ئارقا سەپ تەمىناتىغا كاپالەتلىك

قىلىشقا مەسئۇل بولدى. شۇنداقلا يەنە لىبىرىيە بىلەن ئىسپانىيەدە تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن ساداقەتمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزى 90 مىڭ پىيادە ئەسكەر، 12 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر ۋە 37 پىلنى باشلاپ، ئىسپانىيەدىكى يېڭى كارتاگو شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، ئىتالىيەگە قاراپ يۈرۈش قىلدى.

## پىللارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈش

يىراققا يۈرۈش قىلغان بۇ قوشۇن تۇنجى رەت ئىسپانىيە بىلەن ياۋروپانىڭ تەبىئىي چېگرا سىزىقى بولغان پىرىنېس تېغىغا دۇچ كەلدى.

دەسلەپتە يۈرۈش تازا ئوڭۇشلۇق بولمىدى، قوشۇن پىرىنېس تېغى جىلغىسىغا كىرىپ كەلگەندىن كېيىن، قوشۇندىكى 3000 كاربىتانىلار قېچىپ كەتتى. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىر گېنېرال، ئاشۇ قاچقۇن ئەسكەرلەرنى قوغلاپ بېرىپ قايتۇرۇپ كېلىش، «بىرنى ئۆلتۈرۈپ مىڭغا ئىبرەت قىلىش» تەكلىپىنى بەردى ۋە شۇنداق قىلغاندىلا ئەسكەرلەرنىڭ قېچىش شاملىنى توسۇپ قالغىلى بولىدۇ، ئەگەر تەدبىر قوللانمىساق، بىز ئاپېنىنغا يېتىپ بارغاندا ئەسكىرى يوق قوماندانغا ئايلىنىپ قېلىشىمىز مۇمكىن، دېدى.

ئەمما، خاننىبال ئەگەر بىر ئادەم قېچىش نىيىتىگە كەلگەن بولسا، مۇشۇنداق مۇشەققەتلىك ھەربىي يۈرۈش داۋامىدا ئۇنى توسۇپ قالماق قىيىن، ئەگەر زېھنىمىزنى قاچاق ئەسكەرلەرنى توسۇشقا قارىتىپ قويساق، يۈرۈش سۈرئىتىمىز ئاستىلاپ

كېتىدۇ، ۋاقىت ئۆزىراپ كەتسە رىملىقلار سېزىپ قالسا، ئالپ تېغىنى كۆرمەي تۇرۇپلا پۈتۈن قوشۇنىمىز بىرەر جىلغىغا كۆمۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشۇننىڭ قىممەتلىكلىكى ئۇنىڭ ھەر خىللىقىدا، بىر توپ يارىماس قاغا ـ قۇزغۇننى مىڭ بىر مۇشەققەت بىلەن رىماغا ئېلىپ بېرىپ يۇرگۈچە، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىرادىسى بوش لايىغەزەللەرنى شاللىۋەتكەن ياخشى، دەپ قارىدى.

قەتئىي قارارغا كەلگەندىن كېيىن، خاننىبال قىچىپ كەتكەنلەرنى قايتۇرۇپ كېلىپ يۇرمەي، يەنە 7000 غودۇراپ يۇرگەنلەرنى تارقىتىۋەتتى. شۇنداقلا قەلئە ـ سېپىللارغا ھۇجۇم قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان جابدۇقلارغا ئوخشاش ئېغىر نەرسىلەرنى قالدۇرۇپ قويۇشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن سۇرئەت تېزلىشىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇلار پىرېنېس تېغىدىن ئۆتتى.

ئەمما، خاننىبالنىڭ قوشۇنى رون دەرياسىغا قاراپ يۇرۇش قىلىۋاتقاندا، تاغنىڭ شىماللىق گائۇللار قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىشىپ توسۇشىغا ئۇچرىدى. خاننىبال پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق، جەڭ پىلانىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىق ئۈچۈن، بۇ جىددىي خەۋپنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ ھەربىر قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرىنى چاقىرىپ، ئۆزىنىڭ پەقەت بۇ يەردىن ئۆتمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇردى.

— ئىتالىيەگە قەدەم بېسىشتىن ئىلگىرى، شەمشىرىم قىنىدىن چىقمايدۇ، — دېدى ئۇ.

مۇشۇ چاغدا، رىمنىڭ ئىسپانىيەگە قاراپ يۇرۇش قىلغان قوشۇنىمۇ مۇشۇ ئەتراپتا قۇرۇقلۇققا چىققانىدى. ئەمما دەسلەپ ئۇلار بىر ـ بىرىنى زادىلا سەزمىدى. رىم سېناتى خاننىبالنى تولىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلىگەن ئاساستا ئۇرۇش پىلانىنى تۈزگەنىدى:

ئۇلار ئىتالىيەنىڭ ئۆز زېمىنىدىن سىرتقى جايلاردا جەڭ مەيدانى ئېچىشنى مەقسەت قىلىپ، يىراقتا يۇرۇش قىلىدىغان ئىككى قوشۇن ئەۋەتكەنىدى. بىر قوشۇن ئۇدۇللا ئىسپانىيەگە بېرىپ، كارتاگونىڭ ئارقا سەپ بازىلىرىنى ۋەيران قىلماقچى، يەنە بىر قوشۇن كارتاگونىڭ كونا ئۇۋىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئالدى ـ ئارقىسى ئۆزئارا مەدەت بېرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويماقچى بولغانىدى. ئۇلار خاننىبالنىڭ ياۋروپادىكى ئەڭ خەتەرلىك ئالپ تېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇللا ئىتالىيە زېمىنىغا بارماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشىدىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئەگەر بىرەر ئادەم بۇ جەھەتكە دىققەت قىلىشنى ئۇلارنىڭ سەمىگە سالىدىغان بولسا، ئۇلار بۇ ئادەمنى خىيالپەرەس ياكى تەۋەككۈلچى دەپ مەسخىرە قىلغان بولاتتى.

شىماللىق گائۇللار قەبىلىلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، خاننىبالنىڭ قوشۇنى ھەيۋەت بىلەن ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان رون دەرياسى بويىغا كەلدى.

رون دەرياسى ئالپ تېغىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتىكى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا قۇيۇلاتتى، دەريا يۈزى كەڭ، سۇ ئېقىنى شىددەتلىك ئىدى. دەريانىڭ ھەر ئىككى قىرغىقىدا گائۇللار قەبىلىسىگە تەئەللۇق ۋوركايلار بار ئىدى. خاننىبال غەربىي قىرغاقتىكى گائۇللاردىن بىر بۆلەك قولۋاقلارنى سېتىۋالدى ھەمدە ئۆزلىرى قول سېلىپ، نۇرغۇن سال ياسىدى. بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا قوشۇننىڭ دەريادىن ئۆتۈشى ئۈچۈن كېرەكلىك قورال ـ جابدۇقلارنى تەييارلاپ بولدى. ئەمما ئۇلار ئەتىسى دەريادىن ئۆتۈۋاتقاندا، ئويلىمىغاندا شەرقىي قىرغاقتىكى گائۇللارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى.

ئەگەر دەريادىن زورمۇزور ئۆتكەندە نۇرغۇن ئۆلۈم ـ يىتىم ئىشى بولاتتى. شۇڭا خاننىبال پەم بىلەن ئۆتۈشنى قارار قىلدى.

ئەتىسى كېچىدە، خاننىبال ياخشى سۇ ئۈزەلەيدىغانلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇننى ئەۋەتتى. ئۇلار بازىدىن مەخپىي يولغا چىقىپ، يۇقىرى ئېقىنغا بېرىپ رون دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قارشى قىرغاقتىكى گائۇللارنىڭ بازىسىغا ئۇدۇل كېلىدىغان بىر ئېگىزلىكنى ئىگىلىدى.

دەريانىڭ بۇ قېتىدا ساقلاپ تۇرغان خاننىبال يېرىم كېچە بولغاندا، قارشى قىرغاقتا ياندۇرۇلغان گۇلخانلارنى كۆرۈپ، بارگاھقا كىرىپ ئارام ئالدى.

ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە، قۇياش ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەندە، خاننىبال رون دەرياسىدىن ئۆتۈش پەرمانىنى چۈشۈردى. قارشى قىرغاقتىكى گائۇللار بۇنى بايقىغاندىن كېيىن، دەسلەپتە قۇلاقنى يارغۇدەك ۋارقىراپ ـ جارقىراشتى. ئارقىدىنلا ئۆزلىرىنىڭ قورشاۋدا قالغانلىقىنى سېزىپ، بازىلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى.

خاننىبالنىڭ ئەسكەرلىرى قولۋاق ۋە ساللارغا ئولتۇرۇپ دەريادىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. بىراق قوشۇن بىللە كەلگەن 37 پىل دەريادا داۋالغۇپ تۇرغان ساللارغا قەدەم ئېلىشنى زادىلا خالىمىدى. بۇ چاغدا ئۇلارغا قارايدىغان ھىندىستانلىق پىللارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈشنىڭ مۇنداق بىر چارىسىنى ئويلاپ چىقتى: سالىلارنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ، ئۇستىگە توپا يېيىپ خۇددى بىر پارچە يەرگە ئوخشىتىپ، ئاندىن پىللارنى ھەيدەپ ئۇنىڭ ئۇستىگە چىقىرىش، ئاندىن چاتما سالىلارنى قىرغاقتا تارتىپ مۇقىملاشتۇرغان ئارغامچىلارنى كېسىۋېتىپ، قارشى قىرغاقتىكىلەر سالىلارنى تارتىش...

تاپىنى ئاستىدىكى يەرنىڭ بىردىنلا تەۋرىنىشىنى سەزگەن پىللار ئالدانغانلىقىنى بىلىشتى، بەزىلىرى قالايمىقان

ھەرىكەتلىنىپ سۇغا چۈشۈپ كەتتى. سۇغا چۈشۈپ پىللارنى ھەيدىمەكچى بولغان ھىندىستانلىقمۇ سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلدى، ئەمما پىللار بەك يوغان بولغاچقا سۇغا چۆكۈپ كەتمىدى، ئۇلار سۇدا بىر پەس لەيلەپ ئۈزگەندىن كېيىن ئاياغ تەرەپتىكى دۆڭرەك يەرگە بېرىشتى، ئۇ يەردە پاتقاقتا مىلىنىپ دېگەندەك قىرغاقتا چىقتى، ئاندىن ئۆزلىرى ئېقىننىڭ يۇقىرى تەرىپىگە مېڭىپ قوشۇننى تېپىۋالدى.

مۇشۇ چاغدا، سكىپو ئەۋەتكەن ئاتلىق كۆزەتكۈچىلەر خاننىبالنىڭ قوشۇنىنى سېزىپ قالدى. ئۇلار ئەھۋالنى ئىسپانىيەگە ماڭماقچى بولۇپ تۇرغان ھۆكۈمدار سكىپوغا خەۋەر قىلىشتى. سكىپو شۇندىلا خاننىبالنىڭ ئىسپانىيەدە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەنلەرگە زەربە بېرىشكە تەييارلىنىپ تۇرماي، ئۇرۇش مەيدانىنى ئىتالىيەگە يۆتكىشىدىكى سەۋەبنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئەمما سكىپو يەنە مۇشۇ يەردىن يولغا چىققاندا، دېڭىز يوللىرىغا رىم ئەسكەرلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ناۋادا خاننىبال مۇشۇ يولدىن مېڭىپ قالسا، جەزمەن توسۇپ زەربە بېرىمىز، دەپ ئويلىدى. شۇڭا ئۇ قىلچە غەم قىلماستىن، قوشۇنلىرىغا تېزدىن خاننىبالغا يېقىنلىشىشقا بۇيرۇق بەردى.

ئەمما، ئۇ ئۈچ كۈندىن كېيىن قوشۇنلىرىنى باشلاپ خاننىبال رون دەرياسىدىن ئۆتكەن جايغا كەلگەندە، خاننىبال قوشۇنلىرىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىگەندى. خاننىبال نەگە كەتتى؟... تاسادىپىيلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، سكىپو ئىنىسىنى داۋاملىق ئىسپانىيەگە قاراپ يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى دېڭىز يولى بىلەن ئىتالىيەگە قايتىپ، جەنۇبىتىكى پو دەرياسى بويلىرىدا گائۇللارنىڭ ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قالدۇرۇلغان قوشۇن بىلەن بىرلەشتى.

## چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئالپىلقلار

خانىبالنىڭ قوشۇنى رون دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇدۇل شىمالغا يۈرۈش قىلدى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە چاقناپ تۇرغان ئالىپ تېغى كۆرۈندى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار ئالىپ تاغلىق رايونىغا كىرىپ كەلدى.

ئالىپ تاغ تىزمىسى ئوتتۇرا ياۋروپانىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ چوڭ تاغ تىزمىسى بولۇپ، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى گېنۇيە قولتۇقىدىن شىمال ۋە شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ سوزۇلغان. تاغ تىزمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1200 كىلومېتىر بولۇپ، فىرانسىيە، شىۋېتسارىيە، ئىتالىيە، غەربىي گېرمانىيە، ئاۋىستىرىيە ۋە يۇگوسلاۋىيەلەرنىڭ بىر قىسىم زېمىنىنى ئىگىلىگەن. رون، رېين، دوناي، ئادگې ۋە پو دەريالىرى مۇشۇ تاغدىن باشلىنىدۇ. 4000 مېتىردىن ئېگىز بولغان چوققىلىرىنى غايەت زور مۇز قاپلىغان بولۇپ، كۆلىمى 3900 كىۋادرات كىلومېتىرچە كېلىدۇ. شىۋېتسارىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئالېتىچ مۇزلۇقىنىڭ كۆلىمى ئەڭ زور بولۇپ، 130 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئالىپ تاغ تىزمىسى غەرب، ئوتتۇرا، شەرق دەپ ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن. غەربىي بۆلىكى ئوتتۇرا يەر دېڭىز قىرغىقىدىن باشلىنىپ فىرانسىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبى ۋە ئىتالىيەنىڭ غەربىي شىمالىدىن ئۆتۈپ، شىۋېيتسارىيە ۋە ئىتالىيەنىڭ چېگراسىدىكى چوڭ سېنت - بېرنارد تاغ ئېغىزى ئەتراپىغا تۇتىشىدۇ، ئېگىزلىكى 4800 مېتىر كېلىدىغان بالان چوققىسى مۇشۇ تاغ تىزمىسىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ. تاغ باغرىدىن تاغ چوققىسىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا، قانچە ئۆرلىگەنسېرى ھاۋا شۇنچە سوغۇق بولىدۇ. ھەر قېتىم 200 مېتىر ئۆرلىگەندە،

تېمپېراتۇرا بىر گىرادۇس تۆۋەنلەيدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 2000 مېتىر ئېگىز بولغان جايىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆل گىرادۇس بولىدۇ.

تاغ باغرىلىرىدا بوك، شەمشاد ۋە ئاق شەمشاد دەرەخلىرى ئۆسكەندى. تاغ ئىچكىرىسىگە كىرگەندىن كېيىن، ھەممىلا يەردە بال قارىغاي ۋە قارىغاي كۆرۈنەتتى. ياپيېشىل دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان تاغنىڭ غەربىدە لاتىن مىللەتلىرى، شەرقىدە گېرمانلار ياشايتتى. خاننىبالغا بۇ يەرنىڭ يوللىرى ئەگرى ـ توقاي، مۇھىتى ناچار ئىكەنلىكى ئەمەس، بەلكى بۇ يەردە ياشىغۇچى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ چۈشەنگىلى بولمايدىغانلىقى بەكمۇ ئۆزگىچە تۇيۇلدى.

خاننىبال تۇنجى يولۇققان قەبىلىدىن خاتىرجەم ئۆتتى. شۇ چاغدا بۇ قەبىلىدە ئاكا ـ ئۇكىنىڭ خانلىق ئورۇننى تالىشىش ئۇرۇشى بولۇۋاتاتتى. خاننىبال ئاكا تەرەپكە ياردەم قىلدى. ئۇلار غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، خاننىبالنىڭ قوشۇننى ئالىپ تېغىدىكى بىرىنچى تاغ ئېغىزى ــ گىرموندقا ئاپىرىپ قويدى.

ئەمما يول باشلىغۇچى كەتكەندىن كېيىن، تاغ ئېغىزىغا كىرگەن قوشۇن تېزلا ئۆزلىرىنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان توزاققا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزدى. مۇشۇ يەرلىك قەبىلە ئاقساقىلى ئارۇبۇرۇسنىڭ قوشۇنلىرى تاغ يولىنىڭ ئەتراپىدىكى قىيالارنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، توزاققا چۈشكەن قوشۇنغا پۇخادىن چىققۇچە زەربە بەردى. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن، خاننىبال قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ چىققان ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، تاغ ئېغىزىدىن يىراق جايىنى بارگاھ قىلدى.

خاننىبال كېچىدە، مۇشۇ تاپتا غەلىبىگە ئېرىشكەنلەر ئۆز مەھەللىسىگە قايتىپ غەلىبە تەنتەنىسى قىلىۋاتىدۇ، مۇشۇنداق

پۇرسەتتە تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈۋالمىساق، بۇ يەر بەلكىم بىزنىڭ ئۆمۈرلۈك «ئارامگاھ»ىمىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدى ـ دە، گېنېراللىرىغا بىر ئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن، قاتتىق ھۇجۇم بىلەن بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىشنى بۇيرۇدى.

ئىش خانىبالنىڭ ئويلىغىنىدەك چىقتى. تاغ ئېغىزىنى ساقلاپ ياتقانلار كۆپ ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇلار «ساقلىسا ئېغىزنى بىر پالۋان، ئۆتەلمەس ئۇ يەردىن ھېچ ئىنسان» دېگەندەك ئەۋزەل ئورۇننى ئىگىلىۋالغاچقا، بۇ يەردىن ئۆتمەك ئوڭاي ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خانىبالنىڭ ئەسكەرلىرى بۇ يەرنىڭ يەر شەكلى ئەھۋالىنى بىلمىگەچكە، ھەربىر مىنۇتتا ئادەم ۋە پىللار چوڭقۇر جىلغىغا غۇلاپ كېتىشتەك پاجىئە يۈز بېرىپ تۇراتتى. چولپان كۆتۈرۈلگەندە، خانىبال قوشۇنلىرى بىلەن ئاخىر تاغ ئېغىزىدىن ئۆتتى. ئەمما ئۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ قوشۇنغا قارىغاندا قانچىلىك بەدەل تۆلىگەنلىكىنى بىلىپ يەتتى.

ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلار يەنە بىر قەبىلە ياشايدىغان جايغا كەلدى. بۇ يەردىكىلەر ئويلىغىنىنىڭ تامامەن ئەكسىچە، گۈلچەمبىرەكلەر ۋە تىنچلىق سىمۋولى بولغان زەيتۇن چىۋىقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ قارشى ئالدى. كىشىلەر ئاشلىق ئىدىشلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، يىراقتىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ بۇ ئاددىي سوۋغىلارنى قوبۇل قىلىشىنى ئۈتۈندى. خانىبال نەزەرگە ئىلمىدىم دەپ ھوشىنى يوقىتىپ قويۇشقا تاس ـ تاس قالدى، ئەمما يېڭىلا باشتىن كەچۈرگەن كەچۈرمىش ئۇنىڭغا ئالپ تاغلىرى ئارىسىدا ياشايدىغانلارنىڭ خاراكتېرىنى ئوبدانلا چۈشەندۈرۈپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇ ئىشىنىپمۇ كەتمىدى، ئالاھىدە رەت قىلىپمۇ كەتمىدى. تاسادىپىي كېلىپ چىقىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قوشۇنىنىڭ يۈرۈش شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ئېغىر قوراللار بىلەن قوراللانغانلار ۋە ئاتلىق

ئەسكەرلەرنى ئالدىدا ماڭدۇرۇپ، پىيادىلەرنى ئارقىدا ماڭدۇردى.

يەنە ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار شارائىتى تولىمۇ خەتەرلىك بىر جىلغىغا كەلدى. يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن ئەسكەرلەر گۇمان ئىچىدە ئېھتىيات بىلەن كېتىۋاتاتتى، تۇساتتىن تاغ بېشىدىن گويا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك تاشلار غۇلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. بۇ يەنە بىر تۇزاق ئىدى!

بىر مەيدان كەسكىن ئېلىشىشتىن كېيىن، خاننىبال جىلغىدىن چېكىنىپ چىقالىدى، ئەمما كۆڭلىگە يامان غەرەز پۈككەن يول باشلىغۇچى ئۇلارنى يەنە بىر بارسا كەلمەس يولغا باشلىدى.

## «ئەسكەرلەرگە ئادەم گۆشى يېيىشنى جەزمەن ئۆگىتىش كېرەك!»

تاغدا يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى ئالپ تاغلىرىدىكى دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان چوڭ مۇڭگۈزلۈك ئارقارلار، تاغ توشقانلىرى، ئاخۇنەكلەرمۇ يوقالدى. يېگىلى بولىدىغان هايۋانلاردىن پەقەت ئوت - چۆپلەرنىڭ يىلتىزلىرىنى يەپ هايات كەچۈرىدىغان سۇغۇرلار قالغانىدى. سۇغۇرلارمۇ قالمىغاندا، ئۇلار نائىلاج ئاتلارنى ئۆلتۈرۈپ يېدى، پىللار ئاچلىقتىن ئورۇقلاپ، ئارقا - ئارقىدىن ئۆلدى...

بۇ چاغدا، خاننىبال ئىتالىيەگە يۈرۈش قىلىش پىلانىنى تۈزگەن چاغدا بىر قەدىناس دوستى بىلەن قىلىشقان گەپنى يادىغا ئالدى:

— ئالپ تاغلىرىدىن ئۆتكۈدەك قانداق ئاماللار بار؟ — دەپ سورىدى خاننىبال.

— بىر ئامالدىن باشقا ئامال يوق، — دېدى دوستى.

— ئۇ نېمە ئامال؟

— ئەسكەرلەرگە ئادەم گۆشى يېيىشنى جەزمەن ئۆگىتىش كېرەك. ئۇلار مۇشۇنداق ئادەتكە كۆنۈشى كېرەك...

«شۇنداق، — دەپ ئويلىدى خانىبال، — ئاتلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكەن، ئەمما تېخى تاغ چوققىسىنى كۆرەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ گۆشىنى يېمەي ئىلاج يوق.»

ماڭىدىغان يول يوق ئىدى، ئەسكەرلەر ئالدىغىمۇ ماڭالمايتتى، ئارقىغىمۇ چېكىنەلمەيتتى. ئەسلىدە يول باشلىغۇچى ئۇلارغا ئەڭ قىيىن بىر يولنى كۆرسىتىپ قويغانىدى، ئەمما خانىبالغا بىر دەقىقىمۇ توختاپ قېلىشقا بولمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. چۈنكى توختىغان يەر ئۇلارنىڭ قەبرىسىگە ئايلىناتتى. نۆلدىن تۆۋەن نەچچە ئون گىرادۇس سوغۇق جايدا ئادەم ھەرىكەت قىلمىسا، بىر دەمدىلا توڭلاپ ئۆلەتتى.

— پەقەت تاغ چوققىسىغا قاراپ مېڭىشلا ۋاقىتنى ئەڭ تېجەيدىغان، ئەڭ يېقىن «يول!» — دېدى خانىبال.

ئۇلار قار ـ مۇز قاپلىغان قورام تاشلاردىن يول ئېچىش ئامالىنى ئويلاپ تاپتى:

ئەسكەرلەر يىراق ـ يىراقلاردىن ئوتۇن تېپىپ كېلىپ قورام تاشلار ئۈستىگە دۆۋىلەپ ئوت ياقتى. ئاندىن سۇ ۋە سىركە چېچىپ ئوتنى ئۆچۈردى. بۇنىڭ بىلەن قوقاس ئاستىدىكى قورام تاشلار چۇرۇك ھالەتكە كەلدى. ئۇلار بۇ تاشلارنى بولقا بىلەن ئېزىپ ـ پارچىلاپ يول ئاچتى. خۇددى ئۇچىدەك كېلىدىغان ئەگرى ـ بۈگرى يولدا ئاتلىق ئەسكەرلەر ۋە پىللار ئاران ـ ئاران ماڭاتتى، سەللا دىققەت قىلمىسا، گۇلدۇرلىگەن ئاۋاز كۆتۈرۈلەتتى — پىل ۋە ئاتلار چوڭقۇر ھاڭغا غۇلاپ چۈشەتتى...

بۇ يەردە ھاۋا تېز ئۆزگىرەتتى. ئوچۇق، قۇياش چاقناپ

تۇرغان پەيتلەردىمۇ بىرەر پارچە بۇلۇت پەيدا بولۇپ قالسا، لەپىلدەپ قار ياغاتتى. يېڭىلا ئېچىلغان يولنى ئاق قار كۆمۈۋېتەتتى. خاننىبالنىڭ قوشۇنى مانا مۇشۇنداق ھالدا يول بويى تاغ يېرىپ، قار ــ مۇزلارنى پارچىلاپ يول ئېچىپ يۈرۈپ ئاخىرى توققۇز كۈندىن كېيىن ئالپ تېغىنىڭ چوققىسىغا چىقتى.

مول تەجرىبىگە ئىگە خاننىبال بۇ يەردە قوشۇندىن چۈشۈپ قالغانلارنى ساقلاپ ئىككى كۈن ئارام ئالدى. ئاخىر مۆجىزە يۈز بەردى: ئۈركۈپ كەتكەن ۋە قورام تاشلار ئاستىدا قالغان ئاتلار، ئېغىر كۆرۈپ تاشلىۋېتىلگەن يۈك ئارتىلغان ھايۋانلار قوشۇننىڭ ئىزىنى پۇراپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ئادەملەر ھەممە يېرى جاراھەتلەنگەن، ئاقساق ــ چولاق ھايۋانلارنى كۆرگەندە، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي يۈگۈرۈپ بارغىنىچە قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى.

پەقەت 33 كۈن ئىچىدىلا خاننىبال ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئاسمانپەلەك ئالپ تېغىنى بويسۇندۇردى. ئەمدىلا 31 ياشقا كىرگەن بۇ ياش سەركەردە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئاجايىپ مۆجىزىسى ئارقىلىق كارتاگو دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇنىڭغا مەنستىمەسلىك، ئۆچمەنلىك نەزەرىدە قارايدىغان، ھەتتا ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن دائىم تەييار تۇرىدىغان قېرىنداشلىرىنىڭ، پات ئارىدىلا ھايات ــ ماماتلىق جېڭى ئېلىپ بارىدىغان رىملىقلارنىڭ سەل قاراشلىرىنى سۇپۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، بىپايان ئىتالىيە تۈزلەڭلىكى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولدى.

قىش پەسلى يېقىنلىشىپ قالدى. بۇ چاغدا خاننىبالنىڭ 20 مىڭ پىيادە ئەسكىرى، 6000 ئاتلىق ئەسكىرى ۋە بىرلا جەڭ پىلى قالغانىدى. ئۇ زور بەدەل تۆلىگەنىدى، ئەمما سەركەردە

بولغان ئۇنىڭغا ئايان ئىدىكى، تۆلىگەن زور بەدەل ئۇنىڭغا زور پايدا يەتكۈزگەنىدى: ئۇ ۋاقىتنى، جەڭنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. ئۇ، رىۋايەتلەرچە خىيالنى مۆۋەپپەقىيەت بىلەن رېئال ئىستراتېگىيەلىك ھەرىكەتكە ئايلاندۇرغانىدى.

# 4. كەنندىكى زور غەلىبە

خاننىبالنىڭ ئىتالىيەدە تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇشى رىملىقلارنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇلار نائىلاج ئافرىقا ۋە ئىسپانىيەگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىدىن ۋاز كېچىپ، زور ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ ئىتالىيەنى قوغدىماقچى بولدى.

«تاسادىپىي ئەھۋال»دىن ساقلىنىش ئۈچۈن، رون دەرياسىدىن جەنۇبقا قايتىپ كەلگەن سكىپو راستىنلا خاننىبالنى «كۈتۈۋالدى». بىراق ئۇنىڭ مۇنداق تېز كېلىشىنى سكىپو زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى!

## ئۇل سېلىش سوۋغىسى

خاننىبال ئىتالىيە زېمىنىدا رىملىقلار بىلەن رەسمىي تۇتۇشۇشتىن ئىلگىرى، تۈنجى بولۇپ تارۋىنىلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. غەپلەت باسقان تارۋىنىلار خاتا ھالدا، ھېرىپ قالغان ئوق شايدىنمۇ ئۆتەلمەيدۇ ــ خاننىبال ھېرىپ ماجالىدىن كەتتى، دەپ ھېسابلىغانىدى. ھالبۇكى، خاننىبال ئىتالىيەدىكى تۈنجى جەڭدە جەزمەن كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلىش كېرەك، دەپ ھېسابلاپ، بۇ تۈنجى جەڭگە جەڭگىۋار ھالەتتە كىرىشتى ھەمدە بارلىق تارۋىنىلارنى قىرىپ تاشلىدى.

دەرۋەقە، يېقىن ئەتراپتىكى قەبىلىلەر خانىبالنىڭ قارىسىنى كۆرەر - كۆرمەيلا ياۋاشلىق بىلەن ئەل بولدى.

ئەسلىدە خانىبال بىلەن ئىتتىپاق بولۇشقا قوشۇلغان ئالىپ تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى گائۇللار خانىبالنى قارشى ئالدى. بۇ قارشى ئېلىش نۇرغۇن قۇربان بېرىپ يىراق يولدىن كەلگەن قوشۇن ئۇچۇن خۇددى چاڭقىغاندا سۇ بېرىپتۇ، مۇزلىغاندا ئوت دېگەندەكلا ئىش بولدى. ئۇلارنىڭ ئادىمى، ئات - ئۇلاغلىرى ۋە ئوزۇق - تۈلۈكى تېزلا تولۇقلاندى. ئارقىدىنلا رىملىقلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان «پو دەرياسى ئۇرۇشى» داۋامىدا، خانىبال يەنە بىر رەت «يېڭىلمەس ئەزىمەت» دېگەن ئەپسانىنى ياراتتى.

پو دەرياسى ئۇرۇشىدا، ئەڭ ئالدى بىلەن خانىبالغا قارشى جەڭ قىلغىنى بۇرۇندىنلا تەييارلىقى بار سكىپونىڭ قوشۇنى بولدى. بەختكە يارىشا ئۇ يارىلىنىپ جەڭگاھتىن چېكىندى. ئارقىدىنلا شۆھرەتپەرەس ھۆكۈمدار سىمپورونىئا كارتاگوغا قىلغان سەپىرىدە يېرىم يولدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ھاپىلا - شاپىلا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلماقچى بولدى.

خانىبال قار توختىماي يېغىۋاتقان بىر كېچىنى تاللاپ، ئۆز ئىنىسى ماگورنى 2000 ئەسكەر بىلەن بىر كىچىك دەريا ئەتراپىدىكى چاتقاللىققا بۆكتۈرمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. كېچىچە ياغقان قار ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى كۆمۈۋەتتى. خانىبال تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئەسكەرلىرىنىڭ قورسىقىنى ئوبدان تويغۇزۇپ، ئۆزى بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ رەقىبلىرىنى جەڭگە چاقىردى. جەڭ قىلىشقا ئالدىراپ كەتكەن سىمپورونىئا ئەسكەرلىرىگە تۈزۈك ناشتىلىقمۇ بەرمەيلا جەڭگە ئېلىپ چىقتى.

ئىككى تەرەپ دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا سەپ تۈزدى. رىملىقلار ئوتتۇرىغا پىيادە ئەسكەرلەرنى، ئىككى تەرىپىگە ئاتلىق

ئەسكەرلەرنى تىزىپ سەپ تۈزگەنىدى. خاننىبال جەڭ پىللىرىنى رىملىقلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە روبىرو قىلغان، پىيادە ئەسكەرلىرىنى دۈشمەننىڭ پىيادە ئەسكەرلىرىگە تاقابىل تۇرۇشقا توغرىلىغان، ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى جەڭ پىللىرىنىڭ ئارقىسىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكىرى 40 مىڭدىن بولۇپ، ئاساسەن تەڭ ئىدى.

جەڭ باشلىنىپ، رىملىقلار ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار ئاچ قورساق ھالدا چوڭقۇرلۇقى كۆكرەككە كېلىدىغان سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇق سۇنى كېچىپ دەريادىن ئۆتۈپ، خاننىبالنىڭ جەڭ مەيدانى تەرەپكە كىرىشكە باشلىدى. مۇزدەك سۇ رىم ئەسكەرلىرىنىڭ جاسارىتىنى يوقاتسۇن دەپ، خاننىبال كۈچ توپلاپ، ھالسىرىغان دۈشمەنگە زەربە بېرىشنى كۈتۈپ تۇردى.

ئۇرۇش باشلىنىپ، تۇنجى چاتاق رىملىقلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىدىن چىقتى. چۈنكى رىملىقلارنىڭ ئاتلىرى زادىلا جەڭ پىللىرىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئاتلار پىللارنىڭ ھىدىنى پۇراش بىلەنلا پىتىراپ كەتتى. ئۈستىبېشى ھۆل بولۇپ كەتكەن رىم پىيادە ئەسكەرلىرى ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلدى. ئۇلار بارلىق ئاماللار بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، خاننىبالنىڭ ئىككى ياقتىن قىستاپ كەلگەن ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ زەربىسىگە تاقابىل تۇرالمىدى. رىملىقلار ئارقىغا چېكىندى. ئەمما ماگور باشچىلىقىدىكى بۆكتۈرمە قوشۇن ئۇلارنىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغانىدى. رىم قوشۇنى قورشاۋ ئىچىدە قالدى، ئۇلارنى ئاتلىق ئەسكەرلەر قىردى. نۇرغۇنلىرى دەرياغا غەرق بولدى. سېمپورونىئا مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. ئۇنىڭ جەڭگە قاتناشقان 40 مىڭ ئەسكىرىنىڭ 30 مىڭى قىرىپ تاشلاندى.

خانىبال كىشىلەر تەبىئىتىدىكى خۇراپاتلىقتىن پايدىلىنىپ، قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىگە مەقسەتلىك ھالدا سىرلىق تۈس بەردى. ئۇ پات ـ پاتلا كىيىم ـ كېچەك ۋە نىقابلىرىنى يەڭگۈشلەپ، بىردە قېرى ئادەمگە، بىردە ياش يىگىتكە ئايلاندى. ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى، يېشى، ئادىتى ۋە قىزىقىشى ھەققىدە گائۇللار خىلمۇخىل رىۋايەتلەرنى توقۇپ چىقتى...

كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن خانىبال تېخىمۇ كۆپ ئادەمگە، ماددىي ياردەمگە ئىگە بولدى. ئۇ كامالەتكە يەتكەن ئۇرۇش سەنئىتى ۋە مۇكەممەل پىلانلىرى بىلەن ئىتالىيە زېمىنىدا دەرھاللا ئۆز ئورنىنى مۇقىملاشتۇردى.

## ئىتالىيەنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈش

رىملىقلار تۇنجى قېتىملىق پۇنىك ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى يېڭى زومىگەرگە ئايلانغانىدى. جاھانغا سىغماي قالغان رىم سېناتى ۋە ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئويلايدىغىنى ھۇجۇم جېڭى قىلىش ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ خانىبال ئالدىدا مەجبۇر بولغىنى مۇداپىئە جېڭى بولدى. شۇڭا رىملىقلار ئۇرۇشىنىڭ دەسلىپىدە بىر خىل مەنستىمەسلىك پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىدى. بىراق سېمپورونىئا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، رىمنىڭ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى بۇ خىل بىنورمال ھالەتنى بارغانچە ئەۋج ئالدۇرۇۋەتتى.

پو دەرياسى ئۇرۇشى تۈپەيلىدىن رىم ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىززەت ـ غۇرۇرى دەپسەندە بولدى، پۇقرالار ئۇنى بىر خىل غايەت زور ئار ـ نومۇس دەپ بىلدى. رىمنىڭ قانۇنى بويىچە، رىم ھەر يىلى جۇمھۇرىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئىككى ئەمەلدارنى

سايلاپ چىقاتتى، ئۇلار ئادەتتە ئەڭ ئالىي ھوقۇقنى تۇتاتتى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 217 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، رىملىقلار «دېموكراتلار ئېقىمى» نىڭ داھىيسى فلامىننى ئاشۇ ئىككى ئەمەلدارنىڭ بىرى قىلىپ سايلىدى.

گائۇللار بىلەن بولغان جەڭدە شانلىق نەتىجە ياراتقان فلامىن پۇقرالارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇ خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك بىرەر ئىش قىلىشنى ئويلايتتى. شۇنداقلا ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ رىمنى قۇتقۇزۇپ، رىملىقلارنىڭ «پەقەت ئاقسۆڭەكلەرلا ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر» دېگەن ئەنئەنىۋى قارىشىنى ئۆزگەرتمەكچى بولاتتى. مۇشۇنداق مۇرەككەپ خىيالنى ئاساس قىلىپ، ئۇ تەختكە ئولتۇرۇپلا تېز جەڭ قىلىش تاكتىكىسىنى قوللاندى. ئۇ تېزدىن 12 كورپۇس يېڭى ئەسكىري كۈچنى، جەمئىي 65 مىڭ پىيادە ئەسكەر، 300 ئاتلىق ئەسكەرنى جەم قىلدى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى سىتسىلىيە، ئىسپانىيە ۋە ساردىنىيەگە ئەۋەتىلدى، قالغان 80 مىڭچە ئادەم، ئۇ ۋە يەنە بىر ئەمەلدار سېۋىلىئا (ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋەكىلى)نىڭ قوماندانلىقىدا بولدى.

رىم سېناتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك نىشانى خاننىبالنى ئىتالىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا كىرىشتىن توسۇپ قېلىش ئىدى. ئۇلار مۇنداق پەرەز قىلىشقانىدى: خاننىبالنىڭ رىمغا ھۇجۇم قىلىشىدا ئىككى يول بولۇشى مۇمكىن: بىرى، ئىتالىيەنىڭ شىمالىدىكى شەرقىي دېڭىز قىرغىقىدىكى چوڭ يول، يەنە بىرى، غەربىي دېڭىز قىرغىقىدىكى تاغ يولى. ئۇلار سېۋىلىئانى شەرقتىكى ھىمىلىيە يولىدا توسۇپ زەربە بېرىشكە، فلامىننى غەربىي دېڭىز قىرغىقىدىكى ئاۋرېلىيە يولىدا توسۇپ زەربە

بىرىشكە ئورۇنلاشتۇردى. خاننىبالنىڭ مۇشۇ ئىككى سەپنى بۆسۈپ ئۆتۈپ غەلىبە قىلىشى بەك مۇشكۇل ئىدى.

ئەمما، خاننىبال بۇ ئىككى يولنىڭ ھېچقايسىسىنى تاللىمىدى. ئۇ مۇساپىسى ئەڭ قىسقا، بىراق ماڭماق ئەڭ قىيىن بولغان يولنى، يەنى، پونونىيەدىن بىستورىيەگە بارىدىغان يولنى تاللىدى.

رىملىقلار بۇ «ئەڭ يېقىن» يولغا نېمە ئۈچۈن سەل قارىدى؟ ئەسلىدە، راست گەپنى قىلغاندا، بۇ بىر تەبىئىي يول ئەمەس ئىدى. بىستورىيە بىلەن فلورېس ئارىلىقىدا ناھايىتى كەڭ سازلىق بار ئىدى. ئەتىياز كېلىپ قالغاچقا قار ـ مۇزلار ئېرىپ، ئارنو دەرياسىغا كەلكۈن كېلىپ، ھەممە ياق بەلگە كەلگۈدەك سۇغا تولغانىدى. ئۇرۇش تەجرىبىلىرىگە باي رىم گېنېراللىرى جۇغراپىيە ۋە كىلىماتقا دائىر مول بىلىملەرگە ئىگە بولغاچقا، بۇ «يول»نى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئەمما خۇددى ئالىپ تاغلىرىنىڭ تەبىئىي توسۇقلىرى رىملىقلارنىڭ خاتىرجەملىكىنى ساقلاپ قالالمىغانغا ئوخشاش، بىستورىيەنىڭ سازلىقلىرىمۇ خاننىبالغا توسالغۇ بولمىدى. ئۆزىگە بەك ئىشىنىدىغان رىملىقلار يەنە بىر نۆۋەت ئۆز تەجرىبىلىرىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشتى.

خاننىبالنىڭ قوشۇنى تۆت كېچە ۋە كۈندۈز بەلگە كېلىدىغان سۇ ئىچىدە يۈرۈش قىلدى. ئۇلار ئارام ئالغۇدەك بىرەر پارچىمۇ قۇرۇق يەر يوق ئىدى. ھېرىپ ماجالى قالمىغان قوشۇن ھەر كۈنى نۆۋەتلىشىپ، سۇغا ياتقۇزۇلغان ئۇلاغلار ياكى دۆۋىلەنگەن يوتقان ـ كۆرپىلەر ئۈستىدىلا بىر پەس ئارام ئالاتتى. ئادەملەر، ئاتلار، جەڭ پىللىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلدى. سازلىقتىكى زەھەرلىك گاز تۈپەيلىدىن خاننىبالنىڭ بىر كۆزى ياللۇغلىنىپ ئىششىپ كەتتى، ئاخىر قارىغۇ بولۇپ قالدى...

ئۇلار ئاخىرى ئاجايىپ بىر جاسارەت بىلەن سازلىقنى

بېسىپ ئۆتۈپ، رىمغا بارىدىغان چوڭ يولغا چىقتى. غەربىي يول ئېغىزىدا خاتىرجەم ئولتۇرغان فلامىن خاننىبالنىڭ بىر پايمۇ ئوق ئاتماي ئۆزىنىڭ ئارقا سېپىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھودۇقۇپ تەمكىنلىكىنى يوقاتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ خاننىبالنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. خاننىبال يۈرۈش قىلغاندا ئوت قويىۋەتكەن ئېتىزلىقلاردىكى ئىس - تۈتەكلەرنى كۆرگەندە ئۇ بەكلا بىئارام بولدى. ئۇ ئويلىمىغاندىكى، بۇ خاننىبالنىڭ يەنە بىر قىلتىقى ئىدى:

خاننىبالنىڭ يۈرۈش قىلىۋاتقان قوشۇنىنىڭ ئالدىدا ئىتالىيە يېرىم ئارىلى بويىچە ئەڭ زور بىر كۆل بار ئىدى. تراسىمېنو دەپ ئاتىلىدىغان بۇ كۆلنىڭ ئۈچ تەرىپى تاغ بىلەن ئورالغان جىلغىغا جايلاشقا بولۇپ، تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ئېقىنلار بۇ كۆلگە قۇيۇلاتتى. كۆل يۈزىنىڭ كۆلىمى 100 كىۋادرات كىلومېتىردىن ئاشاتتى. كۆلنىڭ شىمالىي قىرغىقى تاغقا تۇتاش بولۇپ، تاغ بىلەن كۆل ئارىلىقىدا غەربتىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان تار چىغىر يول بار ئىدى.

خاننىبال رىملىقلارنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، فلامىننىڭ غەلىبە قىلىشقا ئالدىراۋاتقان پسىخىكىسىدىن پايدىلىنىپ، تراسىمېنو كۆلىنىڭ شىمال تەرىپىدىن كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇننى تاللاپ، كېچىدە قوشۇنلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى: ئۇ ئاتلىق ئەسكەرلەرنى چىغىر يولنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى تاغ كەينىگە، يېنىگە، يېنىك قوراللانغان پىيادە ئەسكەرلەرنى ھەرقايسى جايلار ۋە چىقىش ئېغىزى ئەتراپىدىكى قىيالىقلارغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۆزى قالغان ئەسكەرلەر بىلەن كۆل قىرغىقى ئەتراپىدىكى ئېگىزلىكلەرگە تارقىلىپ سەپ تۈزدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، كۆل يۈزىنى تۇمان قاپلىغانىدى. فلامىن ھېچقانداق رازۋېدكا ئېلىپ بارمايلا ئالدىراپ - تېنەپ تۆت

كورپۇسنى تار چىغىر يولغا ئەۋەتتى. فلامىن كارتاگو قوشۇنلىرىنىڭ بۇ يەردە بۆكتۈرمىسى بارلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. رىم قوشۇنى جىلغىغا تولۇق كىرىپ بولغاندىن كېيىن، كارتاگو قوشۇنى تۇيۇقسىزلا ھۇجۇم قىلدى. ئاتلىق ئەسكەرلەر دۈشمەننىڭ چېكىنىش يولىنى قامال قىلدى، يېنىك قوراللانغان پىيادە ئەسكەرلەر ۋە ئاساسلىق قوشۇن تاغ ئۈستىدىن باستۇرۇپ كەلدى. ھېچقانداق تەييارلىقى بولمىغان رىم قوشۇنى كارتاگو قوشۇنىنىڭ گويا ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى. جىلغا تار بولغاچقا تۈزۈك سەپمۇ تۈزەلمىدى، قارشىلىق كۆرسەتكىلىمۇ ئامال تاپالمىدى. ئۈچ سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە جەڭ ئاخىرلاشتى. ئەمەلدار فلامىن ئۆلدى، ئۇنىڭ قوشۇنى تولۇق يوقىتىلدى.

## «بىزنىڭ مۇستەبىت ئەمەلدارىمىزنى خانىبال بۇلاپ كېتىپتۇ!»

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، رىم شەھىرىدىكى پۇقرالار غەلىبە خەۋىرى ئاڭلاپ ئادەتلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىنقى سەپتىكى گېنېراللار ھامانەم كۆز بوياپ، غەلىبىنى دەپ مەغلۇبىيەتنى دېمەسلىككە كۆنگەن بولغاچقا، ئۇلاردا مەغلۇبىيەت خەۋىرىنى قوبۇل قىلغۇدەك كۈچ ـ مادار يوق ئىدى. ئەمما بۇ قېتىم ئىش ھەقىقەتەن چاتاق بولدى، رىمنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارى خەلق قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. كاتتا سوت ئەمەلدارى مۇنبەردە تۇرۇپ تۆۋەن ئاۋازدا «بىز بۇ بىر جەڭدە مەغلۇپ بولدۇق» دېگەندە، سورۇندىكى ھەممەيلەن لاغىلداپ كەتتى! ئۇلار مۇنداق ئاۋازنى قاچانلاردا ئاڭلىغانلىقىنى

ئەسلىيەلمەيتتى، ھەتتا مۇنداق جۈملىگىمۇ ئادەتلەنمىگەنىدى. روشەنكى، ئۇلار بۇ نۆۋەت ئىشنىڭ ئۆزلىرى چۈشەنگەندىنمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلىشتى.

نۇرغۇنلار ئۈمىدسىزلەندى. كىشىلەر دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ تېخىمۇ قىستاپ كېلىشىدىن ئەندىشە قىلدى. رىم ھۆكۈمىتى دەرھاللا «جىددىي ھالەت»كە ئۆتۈشنى جاكارلىدى، ئۇرۇشقا قاتنىشالايدىغان بارلىق ئادەملەرنى سەپەرۋەر قىلىپ قوراللاندۇردى، مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى پۇختىلىدى، تىبىر دەرياسىدىكى كۆۋرۈكنى بۇزۇۋەتتى. رىمنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن، دۆلەت جىددىي ھالەتكە ئۆتكەن چاغدا بىر «مۇستەبىت ھۆكۈمران»نى ۋاقىتلىق سايلاشقا بولاتتى، ئۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى تىزگىنلەپ ئارمىيەگە قوماندانلىق قىلاتتى، چەكلىمىگە ئۇچرىماستىن ھوقۇق يۈرگۈزەتتى. شۇڭا رىم تەدبىرلىك فابىئۇسنى مۇستەبىت ھۆكۈمران قىلىپ سايلىدى، ئۇ ئەڭ ئالىي قوماندان بولدى، مىنيوشىس ئۇنىڭ مۇئاۋىنلىقىغا تەيىنلەندى.

ئەمما مۇشۇ چاغدا، ھاننىبالنىڭ رىم شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش خىيالى يوق ئىدى. بۇ يالغۇزلا ئۇنىڭ شەھەر ـ قەلئەگە ھۇجۇم قىلىشقا كېرەكلىك ئەسلىھەلىرىنىڭ تېخى پىرىنېس تاغ باغرىدا ئىكەنلىكىدىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا ئايان ئىدىكى، رىمنىڭ مۇداپىئەسى پۇختا ئىدى. خەلقى ساداقەتمەن، باتۇر ئىدى. ئەگەر ئۇ ھازىرقى ئەسكىرىي كۈچى، قوراللىرى بىلەن شەھەرگە ھۇجۇم قىلسا، ئۇزاققىچە قورشاپمۇ شەھەرنى ئالالماسلىقتەك قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالاتتى. ھالبۇكى، رىمنىڭ كۈچلۈكلۈكى رىم بىلەن ئىتالىيەدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىدا ئىدى. ئۇلار رىمنى مول ئوزۇق – تۈلۈك بىلەن تەمىنلەيتتى، قويۇق سودا ئالاقىسى بار ئىدى. مۇشۇ ئىتتىپاق بۇزۇۋېتىلسە، رىم بىر لاي ھەيكەلگە ئايلىناتتى.

مانا شۇ چاغدا رىم شەھىرىنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا ئالغىلى بولاتتى.

مانا مۇشۇ ئىستراتېگىيەگە ئاساسەن، ئۇ قوشۇنلىرىنى رىم شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىدىن ياندۇرۇپ شەرققە يۈرۈش قىلدى. ئاپپىننىن تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىغا قاراپ ماڭدى. خاننىبال يول بويى ئۆزىنىڭ سىياسىيون ۋە دىپلوماتقا خاس ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بويلىرىدىكى رىمنىڭ قوشنىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، رىمغا قارشى ئىتتىپاق تۈزدى. شۇنداقلا رىم بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىقتىن ۋاز كېچىشنى خالىمىغان شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇنبەت ئېكىنزار ۋە قورۇقلىرىنى شەپقەتسىزلىك بىلەن بۇلاپ ـ تالىدى، دەپسەندە قىلدى. ئەسىرلەرنى قۇللۇققا سېتىۋەتتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلار ئاپۇلىيە رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى دېڭىز بويىغا يېتىپ باردى ـ دە، بۇ يەردە مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى قۇردى.

خاننىبالنىڭ مۇنداق قىلىشتىن مەقسىتى، بىر تەرەپتىن، رىمنىڭ لاتىن ئىتتىپاقىنى پارچىلاش، يەنە بىر تەرەپتىن، رىمنى غەزەپلەندۈرۈپ، ئۇلارنى شەھەر سىرتىغا چىقىپ جەڭ قىلدىغان قىلىش، ئاندىن پۇرسەتنى تېپىپ ئەجەللىك زەربە بېرىش ئىدى.

ئەمما رىمنىڭ يېڭى ھۆكۈمرانى فابىئۇس ئوڭاي ئالدانمايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ خاننىبال قوشۇنىنىڭ تولىمۇ جەڭگىۋارلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە قارىغاندا ئالاھىدە ياخشىلىقىنى بىلەتتى. ئەمما بۇ يەككە ـ يېگانە قوشۇنىنىڭ ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى ياردەمچىسىز قالىدىغانلىقى، ئۇزۇن ۋاقىت بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىمۇ

ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى، ئەمما خاننىبالنىڭ ئاساسلىق قوشۇنىدىن ئىككى كۈنلۈك ئارىلىقنى ساقلىدى. ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خاننىبالنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلماي قالىدىغان تاغلىق جايلاردا پارتىزانلارچە ئۇرۇش قىلدى، بەزىدە دۈشمەننىڭ تەمىنات يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، بەزىدە دۈشمەن گازارمىلىرىغا پاراكەندىچىلىك سالدى، دۈشمەننىڭ سەپتىن چۈشۈپ قالغان ئەسكەرلىرىنى كۆرگەنلا يەردە قىردى.

فابىئۇسنىڭ مۇنداق مەككارلىقى ئالدىدا خاننىبال ھېچ ئىلاج قىلالماي قالدى. ئۇ پەقەت فابىئۇسنى مازاق قىلىپ:

— رىملىقلار ئۆزلىرىنى بىز جەڭ ئىلاھى مارسنىڭ ئەۋلادى دەۋالىدۇ، ئەمما مەن ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانى ۋۇجۇدىدىن قىلچە رىملىقلارنىڭ مىللىي روھىنى كۆرمىدىمغۇ؟ روشەنكى، ئۇلار جەڭگىۋارلىقتا تەڭداشسىز دەيدىغان شۆھرەتتىن ۋاز كەچكەن، — دېدى.

فابىئۇسنىڭ باش قاتۇرۇپ قىلغان ئىشلىرىنى رىملىقلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ چۈشەنمىدى. ئۇنىڭ ھەربىي ھوقۇقنى ئىگىلىگەندىن كېيىن خاننىبال بىلەن جەڭ قىلماسلىقى رىم شەھىرىدە نۇرغۇن سۆز - چۆچەكلەرنى پەيدا قىلدى:

— بىزنىڭ ھۆكۈمرانىمىزنى خاننىبال بۇلاپ كېتىپتۇ!

ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانى مىنۇكىئۇسمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەگىشىپ قالدى. ئۇرۇشنىڭ ئۇزىراپ كېتىشى يېزىلارنى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى، رىم پۇقرالىرى، بولۇپمۇ دېھقانلار نارازى بولدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە خاننىباللا كەتمىسە ئۇلار بىر كۈنمۇ خاتىرجەم بولمايتتى. يالغۇز پۇقرالارلا ئەمەس، ئەزەلدىن سالماق - تەمكىنلىك بىلەن ئىش

كۆرىدىغان سىناتمۇ ئۇنىڭدىن ئىشەنچىسىنى يوقاتتى. چۈنكى ئۇلارغا رىمنىڭ ئۇرۇش قىلىش قۇدرىتىنىڭ ئۆزىدىلا ئەمەس، بەلكى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىتالىيەنىڭ شەھەرلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئادەم ۋە ماددىي كۈچ جەھەتتىكى ياردىمىدە ئىكەنلىكىمۇ ئايان ئىدى. شەھەرلەرنىڭ ئىتتىپاقى بولمىسا، رىم خۇددى پەيسىز بۇركۈت ئۇچالمىغاندەك ھالغا چۈشۈپ قالاتتى. ئەگەر ئۇرۇش سوزۇلىۋەرسە، ئىتالىيە ئىتتىپاقى گۇمران بولاتتى. شۇڭا سىناتلار جىددىيلىشىپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن سىنات ھەربىي ھوقۇقنى مىنۇكىئۇس بىلەن فابىئۇسقا تەڭ بۆلۈپ بەردى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 216 ـ يىلى، فابىئۇسنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقاندا، پۇقرالار ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئۆزلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھۆكۈمدارنى قايتىدىن سايلىدى. پۇقرالار ماختانچاق سودىگەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ۋاررونى، ئاقسۆڭەكلەر باتۇرلۇق بىلەن داڭ چىقارغان فالوسنى سايلىدى.

## رىملىقلارنىڭ «قىلىچى» ۋە خاننىبالنىڭ «تىپشى»

خاننىبال قوماندانلىق قىلىۋاتقان قوشۇن لىۋىيەلىك، فىنىكىيەلىك، گىرىك، فائۇل، ئىسپان قاتارلىق ئون نەچچە مىللەتتىن تەشكىللەنگەن مۇرەككەپ قوشۇن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىرق ۋە تىلى خىلمۇخىل بولۇپلا قالماي، تۇرمۇش ئادەتلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايتتى. بۇ ھال ئىتالىيە يېرىم ئارىلىدىكىلەرگىلا ئەمەس، دۇنياغا مەشھۇر رىمنىڭ ھەربىي ئالىملىرىغىمۇ يېڭىلىق ئىدى.

خاننىبالنىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇندا، لىۋىيەدىن كەلگەن فىنىكىيەلىكلەر ھەم پىيادە، ھەم ئاتلىق جەڭ قىلاتتى.

ئىسپانىيەلىك پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئاساسلىق قورالى قىلىچ ئىدى، قوچاقلاشقا جەڭ بولغاندا قىلىچ بىلەن دۈشمەننى چاپقىلى ھەم ئۇنى دۈشمەنگە سانجىغىلى بولاتتى. گائۇللارنىڭ قىزغۇچ چېچى بەدىنىنى يېپىپ تۇراتتى، ئۇلار يالىڭاچ دېگۈدەك جەڭگە كىرەتتى، دائىم پىيادە جەڭ قىلاتتى، قوچاقلاشقا جەڭدە يوغان قىڭراق ئىشلىتەتتى. بالېئالى تاقىم ئاراللىرىدىن كەلگەن ئەسكەرلەر سالغىدا تاش ئېتىشقا ماھىر ئىدى. ئۇلار ئارغامچىنى سالغا قىلىپ، ئۇنىڭغا تاشنى ئوراپ بىرنەچچە پىرقىرىتىۋېتىپ ئاتىدىغان بولسا دەل نىشانغا تېگەتتى. ئافرىقىدىن كەلگەن ئەسكەرلەر ساغلام، بەرجەس بولۇپ، جاپا دېگەندىن زادىلا قورقمايتتى. يالىڭاچ بولۇۋېلىپ، جەڭلەردە ئوقيا ۋە نەيزە ئىشلىتەتتى.

ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىچىدە ئىبېرىيەلىكلەرنىڭ ئاتلىرى ئالاھىدە بەردەم بولۇپ، يۈرۈش قىلغاندا ئىككى ئادەمنى كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. جەڭگە كىرگەندە ئۇلارنىڭ بىرى ئات ئۈستىدە، بىرى يەردە جەڭ قىلاتتى. ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىچىدە خانىبالنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلايدىغىنى، ئۇ ئافرىقىدىن ئېلىپ كەلگەن نومىدىيەلىك ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىدى. ئۇلار جەڭدە نەيزە ۋە قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ، بىرەر پارچە قاپلان ياكى شىر تېرىسىنى ئۆزىگە نىقاب قىلىۋېلىپ، ئاتتا يالىڭاچ دېگۈدەك ئولتۇرۇپ جەڭ قىلاتتى.

يەنە جەڭ پىللىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ غايەت زور بەستى ۋە كۈچى خانىبال قوشۇنلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال جەڭ كۈچىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىدى.

رىم قوشۇنلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى رەتلىكلىكى خانىبالنىڭ ئەسكەرلىرىگە گويا «ئويۇنچىلار ئۆمىكى» دەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار تەشكىلىي تۈزۈم، ھەربىي تېخنىكا جەھەتتە، ئەينى چاغدا دۇنيادا ئەڭ ئىلغار ھېسابلانغان گىرېتسىيە

قوشۇننىڭ تەشكىللەش شەكلىنى ئۆگەنگەنىدى. جەڭ ۋاقتىدا، ئەسكەرلەر دەرىجىسى بويىچە تۆمۈر دۇبۇلغا كىيەتتى، نەيزە ۋە قالقان ئالاتتى. مەشىق ۋاقىتلىرىدا گىرىتسىيەلىكلەرنىڭ ئۇسۇلىدا مەشىق قىلاتتى.

رىم قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسىي بىرلىكى، پىيادە ئەسكەرلەردىن 100 ئادەم بىر ئەترەت بولاتتى. ھەربىر ئەسكەر ئارىلىقىدا بەش ئىنگلىزچىسى ئەتراپىدا ئارىلىق قالاتتى. مۇشۇنداق بولغاندا، ھەربىر ئەسكەر قورالىنى ئەركىن ئىشلىتەلەيتتى. ئالدىنقى رەتتىكىلەر يارىلانغان ياكى قۇربان بولغاندا دەرھاللا ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيتتى.

200 كىشىلىك ئەترەتتىن بىر ئوتتۇرا ئەترەت، ئۈچ ئوتتۇرا ئەترەتتىن بىر چوڭ ئەترەت تەشكىللىنەتتى. چوڭ ئەترەتمۇ جەڭ ۋاقتىدا تۆت چاسا شەكىلدە تىزىلاتتى. ئەمما ئوتتۇرىدىكى ئوتتۇرا ئەترەت خۇددى شاھمات كاتەكچىلىرى شەكلىدە مۇئەييەن ئارىلىق قالدۇرۇپ تىزىلاتتى. مۇنداق تىزىلغاندا، ئالدىنقى ۋە ئارقا ئەترەتتىكى ئەسكەرلەرنىڭ خالىغاندا ئورۇن ئالماشتۇرۇشىغا ئاسان بولاتتى، ئۇلار نۆۋەتلىشىپ ئارام ئالالايتتى، ئۆزلىرىنى تەرتىپكە سالالايتتى. يۇكسەك رەتلىكلىك بىلەن يۇكسەك ھەرىكەتچانلىق ساقلانغانىدى. بۇرۇن تۆت چاسا شەكىلدە سەپ تۈزۈش مال ـ مۈلۈككە قاراپ ئەسكەرلەرنى دەرىجىگە ئايرىپ سەپلەش بولغانىدى. كېيىنچە، ھەربىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ياشنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، تەربىيەلىنىش ساپاسىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تىزىلىدىغان بولغانىدى. مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە، تەجرىبىسى يوق ئەسكەرلەر دائىم ئەڭ ئالدىغا، تەجرىبىلىك ئەسكەرلەر ئۈچىنچى رەتكە تىزىلىپ، زاپاس كۈچ قىلىناتتى، ئۇلار ئەڭ ئاچقۇچلۇق پەيتلەردىلا ئىشقا سېلىناتتى.

رىم قوشۇنى ئەسكەرلەرنىڭ مائاشى، قورالى ۋە ئاشلىق نورمىسىنى بەلگىلىگەن بولۇپ، دۆلەت بىر تۇتاش تارقىتاتتى. ئادەتتە تۆت زاپاس كورپۇس، يەنە رىمنىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيەلىرىدىن تەشكىللەنگەن تۆت كوپۇرسى بولاتتى، ھەربىر كورپۇستا 4000 — 6000 ئادەم بار ئىدى.

رىمنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى پىيادە ئەسكەرلەردەك قاتتىق تۈزۈمگە ۋە يۇقىرى ساپاغا ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئاساسەن رىمنىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيەلىرىدىن كەلگەن بولغاچقا، قوماندانلىق قىلىش ۋە تاكتىكىنى بەلگىلەش ھوقۇقىمۇ ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ قولىدا ئىدى.

كارتاگولۇقلار ئۇرۇشقا ھېرىسمەن بولمىغاچقا، كۆپ ساندا ياللانما ئەسكەر ۋە ئىتتىپاقداش دۆلەت قوشۇنلىرىنى ئىشلىتەتتى، بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، رىملىقلار ئەسكەر بولۇشنى بىر خىل شەرەپ دەپ بىلەتتى. شۇڭا ئۇلاردا، ئومۇمەن يۇكسەك ئاڭلىقلىق بار ئىدى.

دېمەك، ئۇلارنىڭ جەڭ ئۇسۇلى ئېسىل، قوماندانلىقى بىر تۇتاش بولۇپ، ئالەم ئېتىراپ قىلغۇدەك جەڭگىۋارلىققا ئىگە، دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى قوشۇن ئىدى. ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە كۆنلەرنىڭ بىرىدە دۇنيانى بويسۇندۇرۇش پۈتۈلگەندى. بىراق گويا ئالللا ئاللىقاچان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندەك، رىملىقلارنىڭ قىلىچى قېنىدىن چىقىشتىن ئىلگىرى خاننىبالدىن ئىبارەت «قاتتىق تاش»تا بىلىنىشى كېرەك ئىدى، ئۇ شۇنىدىلا پارقىرىيالايتتى.

خاننىبالمۇ دۈشمەننىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. ئۇ جەڭ ئارىلىقىدىكى ئارىسال چاغدىن پايدىلىنىپ، جەڭدە غەنىيمەت ئالغان قوراللار بىلەن ئۆز ئادەملىرىنى قوراللاندۇردى ھەمدە قوشۇنىنى ۋاقتىدا

ئۆزگەرتتى. بىرنەچچە جەڭ داۋامىدا، ئۇ رىمنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرىنىڭ قورال، تەشكىللەش ۋە جەڭ ماھارىتى جەھەتلەردە ئۇستۇنلۇككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ پىيادە ئەسكەرلىرىنى رىملىقلارنىڭ شەكلىدە ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى. قوشۇندا كورپۇس قۇردى، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا قوشۇننى يېڭى جەڭ ئەترەتلىرى شەكلىدە جەڭ قىلىشنى مەشىق قىلدۇردى. پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ماسلىشىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى كۆچلەندۇرىدىغان، قەتئىي ھۇجۇم قىلالايدىغان، مۇداپىئە كۆرگەندىمۇ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، جەڭ قىلىش شەكلىنى ساقلاپ قالالايدىغان بولدى.

## كەننى ئۇرۇشى

ۋاررو تەختكە چىقىپلا فابىئۇسنىڭ ئىستراتېگىيەسىنى ئۆزگەرتتى. ئۇ تېز ئۇرۇش قىلىش، تېز بىر تەرەپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە دۈشمەننى كۆرگەن كۈنىلا ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرىمەن دەپ ۋەدە قىلدى. ئىككى ـ ئۈچ ئاي ئارىلىقىدا، ئىككى ھۆكۈمدار خانىبالنىڭ قىشلىق لاگېرىدا — ئاپۇلىيەدە ھەربىي ھوقۇقنى تاپشۇرۇۋالدى، 80 مىڭ پىيادە ئەسكەر ۋە 6000 ئاتلىق ئەسكەرگە قوماندان بولدى.

بۇ چاغدا، خانىبالنىڭ قوشۇنى ئۇزۇن مەزگىل جەڭ قىلغاچقا، ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرى تۈگەپ قالغان، ئۇ كارتاگودىن ئادەم ۋە ماددىي ئەشيا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغانىدى، ئەمما ئۇ سىياسىي رەقىبلىرىنىڭ رەت قىلىشى ۋە مازاق قىلىشىغا ئۇچرىغانىدى. كېيىنچە، خانىبال ئاپۇلىيە رايونىدىكى تۈزلەڭلىكنىڭ ئادرىياتىك دېڭىزى قىرغىقىدىكى كەننى دېگەن

بىر كىچىك شەھەردە نۇرغۇن ئاشلىق ۋە ماددىي ئەشيا بارلىقىدىن ھەمدە بۇ يەردىكى مۇداپىئەنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى ـ دە، شۇ يىلى 4 ـ ئايدا 40 مىڭ پىيادە ئەسكەر، 10 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن كەننىنى ئىشغال قىلدى ۋە تەمىناتنى ھەل قىلدى. رىملىقلار بۇ خەۋەردىن چۆچۈپ كەتتى، ئىككى ھۆكۈمدار دەرھاللا قوشۇنلىرىغا يىراق بولمىغان جايدا چۇشكۈن قىلدى.

ئەمما، بۇ ئۇرۇشنى قانداق ياخشى قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئىككى ھۆكۈمدار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلدى: فالۇس: بۇ يەر تۈزلەڭ، كارتاگونىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ جەڭ قىلىشىغا ئەپلىك، شۇڭا بىز سالماق بولۇشىمىز كېرەك، دېدى. ئۇ ئەڭ ياخشى چارە خاننىبالنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئالداپ جەنۇب تەرەپتىكى رىمنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرىنىڭ جەڭ قىلىشىغا پايدىلىق جايغا ئېلىپ بېرىپ جەڭ قىلىش كېرەك، دەپ قارىدى. ئەمما ۋاررو بۇ گەپنى پەقەت ئاڭلىمىدى. ئۇ: «خاننىبالنى نەدە كۆرگەن بولساق، شۇ يەردە ھۇجۇم قىلىشىمىز كېرەك» دېدى. ئىككىيلەننىڭ دەتالىشى تۈگىمىدى. مۇنداق دەتالاش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ئىرادە بىرلىكىنى يوقىتىپلا قالماي، ئەسكەرلەرنىڭ كەيپىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ۋاررو ئۆزىنىڭ نۆۋەتلىشىپ قوماندانلىق قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ كارتاگو قوشۇنى بىلەن جەڭگە چۈشتى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 216 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ۋاررو ئەڭ ئالىي قوماندانلىق ئورنىنى ئىگىلىدى. تاڭ ئاتاي دېگەندە، ئۇ بىر قىسىم ئەسكەرنى قارارگاھنى قوغداشقا قالدۇرۇپ، قالغان ئەسكەرلىرىنى ئوپىدوس دەرياسىغا يېقىن جايغا ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەنگە يېقىنلا تۈزلەڭلىكتە سەپ تۈزدى.

ۋاررو سەپىنى رىملىقلار ئادەتلەنگەن ئۇچكە ئايرىپ پاراللېل شەكىلدە تۈزۈش بويىچە تۈزگەن، 6000 ئاتلىق ئەسكەرنى سول تەرەپكە، ئىتتىپاقداش قوشۇننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى ئوڭ يانغا ئورۇنلاشتۇرغان؛ ئاساسلىق جەڭ قىلغۇچى سەپ ئېغىر قوراللانغان پىيادە ئەسكەرلەردىن تەشكىللەنگەن، ئۇلار زىچ تۆت چاسا ھالدا ئوتتۇرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. يېنىك قوراللانغان پىيادە ئەسكەرلەر ئاساسلىق جەڭ قىلغۇچى سەپنىڭ ئالدىغا تىزىلغانىدى. مەركىزىي ئاساسلىق جەڭ قىلغۇچىلارغا فالۇس، سول ياندىكى قوشۇنغا سېۋىلىئا، ئوڭ ياندىكى قوشۇنغا ۋاررو قوماندانلىق قىلدى. ۋاررو مۇشۇنداق قىلغاندا غايەت زور ھۇجۇم كۈچىگە ئىگە بولۇپ، دۈشمەن سېپىنى بۇزۇپ تاشلىغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

خاننىبال مۇشۇ ئۇرۇش ئۈچۈن بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا تەييارلىق قىلغانىدى. ئۇ رىملىقلارنىڭ سەپ تۈزۈش ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپلا قالماي، بۇ يەرنىڭ ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنىمۇ ئىگىلىدى. بۇ يەردە چۈش پەيتىدە كۈچلۈك شەرقىي جەنۇب شامىلى چىقىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇڭا خاننىبال رىملىقلارنىڭ جەڭ تاكتىكىسىغا دەلمۇدەل قارشى ھالدا ئاددىي ۋە يۇرەكلىك پىلان تۈزدى:

ئۇ پۈتۈن قوشۇننىڭ ئارقىسىنى شەرقىي جەنۇبقا قىلغان ھالەتتە تۇرغۇزۇپ سەپ تۈزدى. يېنىك قوراللانغان پىيادە ئەسكەرلەر ۋە سالغىچىلارنى ئالدىنقى قاراۋۇل قىلىپ سەپنىڭ ئەڭ ئالدىغا ئورۇنلاشتۇردى، ئىبېرىيەلىك ۋە گائۇللۇق پىيادە ئەسكەرلەرنى دۈشمەن تەرەپكە قاراپ تومپىيىپ تۇرغان «ھىلال ئاي» شەكلىدە تىزدى، مەركەزگە جايلاشقان، كۈچى ئاجىز، تومپىيىپ تۇرغان ھالەتتىكى بۆلەكنى دۈشمەننىڭ ئەڭ كۈچلۈك بۆلىكىگە توغرىلىدى. نەيزە ۋە قالقانلىق 500 ئەسكەرنى يوشۇرۇن

ھالدا خەنجەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ، زۆرۈر بولغاندا دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ، دۈشمەن سېپىگە كىرىپ، دۈشمەننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئىچكى جەھەتتىن بۇزۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئاساسلىق جەڭ قىلغۇچى سەپ سول ياندىكى ئىبېرىيەلىك ۋە گائۇللۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر، بىر قىسىم ئېغىر قوراللانغان ئىسپانىيەلىك پىيادە ئەسكەرلەردىن تاشكىللەندى. نومىدىيەلىك ھەرىكىتى چاققان ۋە تېز، يېنىك قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ئوڭ ياندا ئورۇنلاشتۇرۇپ، تار كەلگەن ئوڭ تەرەپتە بىر چوڭقۇرلۇق ھاسىل قىلدى. خاننىبالنىڭ ئىككى ئىنىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سول ۋە ئوڭ ياندا قوماندانلىق قىلدى، ئۆزى مەركىزىي ئاساسلىق جەڭ قىلغۇچى سەپكە قوماندان بولدى. بۇنىڭدىن مەقسەت، ئوتتۇرىدىكى تومپايغان بۆلەك ئالغا ئىلگىرىلەپ دۈشمەننى ئالداپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى تۇتۇپ تۇرۇش، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا ئارقىغا چېكىنىش، مۇشۇ چاغدا ئىككى ياندىكى كۈچلۈك ئاتلىق ئەسكەرلەر ئالدى بىلەن دۈشمەننىڭ ئىككى ياندىكى ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى يوقىتىش، ئاندىن دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش، دۈشمەنگە ئارقىدىن زەربە بېرىش ئىدى.

ۋاررو كارتاگو قوشۇنلىرىنىڭ دەريا قولتۇقىدا سۇغا دۈمبىسىنى قىلىپ سەپ تۈزگەنلىكىنى، سول ياندىكىسىنىڭ ئالاھىدە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتى. ئۇ جەڭ قىلىش سېپىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇدۇل تەرەپنى قىسقارتتى، ئۇزۇنلۇقنى ئاشۇردى، ئارىلىقنى قىسقارتىپ، مەركىزىي زەربە بېرىش كۈچىنى كۈچەيتمەكچى، قۇدرەتلىك پىيادە ئەسكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، كارتاگونىڭ ئۇدۇلدىكى قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلماقچى، يەكمۇيەك ئېلىشىش يولى بىلەن رەقىبىگە تاقابىل تۇرماقچى بولدى. بىراق سەپ شەكلى يىغىنچاقلاشتۇرۇلغاچقا، ئادەم بىلەن

ئادەم، قوشۇن بىلەن قوشۇن بىر ـ بىرىگە قىستىلىشىپ، ھەرىكەت قىلىدىغان ئورۇن قالماي قالدى. قوشۇن ئەزەلدىن مۇنداق شەكىلدە تىزىلىپ باقمىغاچقا تازا ماسلىشالمىدى، رىملىقلار ھە دېگەندىلا پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى.

ھەممە تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئوفىتسېرلىرى ئەسكەرلەر ئارىسىغا كىرىپ ئۇلارغا ئىلھام بەردى. رىمنىڭ ھۆكۈمدارى ۋاررو قوشۇن ئالدىدا ئاتقا مىنگەن ھالدا، ئەسكەرلەردىن بۇرۇنقى مەغلۇبىيەتلەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىقنى، ھاياتلىق ئۈچۈن جەڭ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. خانىبال ئەسكەرلەرگە ئۆزلىرىنىڭ تۆھپىسىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ۋە دۈشمەنگە قارشى جەڭلەردىكى غەلىبىلەرنى ئەستە تۇتۇشنى، مەغلۇپ بولغان قوشۇندىن مەغلۇپ بولۇپ قېلىشنىڭ نومۇس ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى.

ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر مۇئاۋىن قوماندان دۈشمەننىڭ ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ خورسىندى. خانىبال ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ:

ـــ شۇنداق گىيسكا، دۈشمەن كۆپ، ئەمما سەن بىر ئىشقا سەل قارىدىڭ، ـــ دېدى.

ـــ ئۇ نېمە ئىش، گېنېرال؟ ـــ دەپ سورىدى گىيسكا.

ـــ ناھايىتى ئاددىي، قارشىمىزدىكى ئادەم كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئارىسىدا گىيسكا دەيدىغان بىرىمۇ يوق، ـــ دېدى خانىبال. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئوفىتسېرلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئەسكەرلەر ئۆز باشلىقىنىڭ شۇنچە ئىشەنچلىك گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ جاسارەتكە كەلدى.

سائەت توققۇزدا سىگنال چېلىندى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ يېنىك قوراللانغان پىيادە ئەسكەرلىرى، ئوقياچىلىرى ۋە سالغىچىلىرى ئالغا دەپ ۋارقىرىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇلارنىڭ

زەربىلىرىدىن كېيىن تۆت چاسا سەپلىك پىيادە ئەسكەرلەر جەڭگە كىردى، رىمنىڭ توپلاشتۇرۇلغان پىيادە ئەسكەرلىرى خاننىبالنىڭ ھىلال ئاي شەكلىدىكى قوشۇنىنىڭ دەل تومپايغان يېرىگە ھۇجۇم قىلدى. كارتاگونىڭ ئەسكەرلىرى ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرغاچ ئاستا - ئاستا چېكىنىدى. رىم ئەسكەرلىرى بۇنى پۇرسەت دەپ بىلىپ بارغانچە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى، «ھىلال ئاي» شەكلىدىكى كارتاگو قوشۇنىنىڭ تومپايغان يېرى بارا - بارا ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى...

مۇشۇ چاغدا خاننىبال قوينىغا خەنجەر يوشۇرغان 500 ئەسكەرگە رىملىقلار تەرەپكە قېچىپ، قوللىرىدىكى نەيزە ۋە قالقانىنى تاپشۇرۇپ يالغاندىن تەسلىم بولۇشقا بۇيرۇق بەردى. رىملىقلار بۇ ئەسكەرلەرنىڭ قورال تاپشۇرۇپ «تەسلىم بولغانلىقى»نى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئارقا سەپنى مۇداپىئە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى، باشقا ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايلا كۈچنى توپلاپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەۋەردى. نەتىجىدە، رىمنىڭ قوشۇنى خاننىبال تەييارلىغان «خالتا» شەكلىدىكى تورزاقىقا چۈشتى. ئەمما رىمنىڭ ھۆكۈمدارى ۋاررو كارتاگو ئەسكەرلىرىنىڭ تەسلىم بولغانلىقى، بەزىلىرىنىڭ چېكىنگەنلىكىنى كۆرۈپ، دۈشمەن راستتىنلا مەغلۇپ بولدى دەپ قاراپ، ئارقا تەرەپتىكى زاپاس قوشۇنىمۇ جەڭگە كىرىشكە بۇيرۇدى. ۋاھالەنكى، رىم قوشۇنلىرى ئالغا ئىلگىرىلىگەنسېرى ئالدى تەرىپى كىچىكلەپ - تارىيىپ، سەپ شەكلى ئۆزۈلۈپ كەتتى. خاننىبال رىم ئەسكەرلىرىنىڭ تورزاقىقا تولۇق چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئېغىر قوراللانغان پىيادە ئەسكەرلىرىگە ئوڭ ۋە سول ياندىن تەڭلا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى...

كارتاگو قوشۇنىنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى يېنىك قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، رىمنىڭ سول ياندىكى

ئىغىر قوراللانغان نەچچە مىڭ ئاتلىق سەرخىل ئەسكەرلىرى بىلەن باتۇرانە جەڭ قىلىپ، ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ رىمنىڭ ئوڭ ياندىكى ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى تېزلا بىتچىت قىلىۋەتتى. ئارقىدىنلا بىر بۆلەك ئاتلىق ئەسكەرلەر ئوڭ ياندىكى ئاتلىق ئەسكەرلەرگە ياردەم بەردى. ئۇلارنىڭ يەنە بىر بۆلىكى رىم ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئايلىنىپ ئۆتۈپ، رىمنىڭ سول ياندىكى ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە زەربە بەردى. ئۇلار كارتاگو ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ قورشاپ زەربە بېرىشى بىلەن قاتتىق زەخمى يەپ دەرھال قاچماقچى بولدى. خاننىبال دەرھاللا ئوڭ ياندىكى يېنىك قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلەرگە قوغلاپ زەربە بېرىش بۇيرۇقى بەردى، سول ياندىكى ئېغىر قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلەرنى تېز ئارقىغا قايتىپ، رىمنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن زەربە بېرىشكە بۇيرۇدى.

دەل چۈش ۋاقتىدا كۆزنى ئاچقىلى بولمايدىغان شەرقىي جەنۇب شامىلى كۆتۈرۈلدى، كۈچلۈك بوران توپا ـ چاڭلارنى رىم ئەسكەرلىرى تەرەپكە شىددەت بىلەن سۇردى. رىم ئەسكەرلىرىنىڭ كۆزلىرىگە قۇم تىقىلدى، ئۇلار كۆزلىرىنى ئاچالماي ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ئۇلار ئاتقان تاشلارمۇ بوراننىڭ كۈچى بىلەن ئاجىزلاپ، تۈزۈك زەربە بېرەلمىدى. كارتاگولۇقلارنىڭ ئاتقان تاشلىرى بوران كۈچى بىلەن تېخىمۇ كۈچلىنىپ كەتتى. رىم ئەسكەرلىرى ھېچنېمىنى كۆرەلمىگەچكە، ئۆزلىرىنى كارتاگولۇقلارنىڭ قوراللىرىدىن چەتكە ئالالمىدى، ئۆزىنىڭ قورالىنى توغرا ئىشلىتەلمىدى، قىستىلىشىپ، سوقۇلۇپ، پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ ئادىمى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما قورال ئىشلىتەلەيدىغانلار ئاز ئىدى. ئەمما خاننىبالنىڭ ئەسكەرلىرى مەيلى يىراق مۇساپىلىق قوراللار بىلەن ھۇجۇم قىلسۇن، ياكى نەيزە، ئوقيا، سالغا ئىشلەتسۇن، ھېچقاندىقى زايا

كەتمەيتتى.

دەل مۇشۇ چاغدا، يالغاندىن تەسلىم بولغان 500 ئەسكەر خەنجەرلىرىنى سۇغۇرۇپ، ئالدى بىلەن كۆز ئالدىدىكى دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى شەمشەر، نەيزە، قالقانلىرىنى تارتىۋېلىپ، قوراللىنىپ، ئارقا تەرەپتىن پاتىپاراق بولۇپ كەتكەن رىم قوشۇنلىرى ئارىسىغا كىرىپ ئۇلارنى قىرىشقا باشلىدى. خاننىبال ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆر ـ چاپ سادالىرى پۈتۈن كەننى جەڭگاھىنى قاپلىدى، ئۇلار بارغانچە غەيرەتكە كەلدى، رىم قوشۇنى قورشاۋدا، قىر ـ چاپ ئارىسىدا قالدى.

جەڭ قاراڭغۇ چۈشكىچە داۋاملاشتى. رىم قوشۇنىدىن تەخمىنەن 70 مىڭ ئادەم ئۆلدى، تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن 15 مىڭچە ئادەم قېچىپ كەتتى. رىم قوشۇنىنىڭ قوماندانى سېۋىلىئا، ھۆكۈمدار فالۇس ھەمدە نۇرغۇن ئوفىتسېرمۇ جەڭ مەيدانىدا ئۆلدى. ئەمما مۇشۇ پاجىئەنىڭ باش جىنايەتكارى ۋاررو قېچىپ قۇتۇلدى.

كەننى ئۇرۇشىدا خاننىبالنىڭ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش سەنئىتى ۋە تەشكىللەش ئىقتىدارى تولۇق نامايان بولدى. غەربنىڭ ئۇرۇش تارىخىدا، كەننى ئۇرۇشى ھەربىي ئىشلار سەنئىتى جەھەتتە تەڭداشسىز ئۈلگە ئاتالدى. غەرب ئەللىرىنىڭ لۇغەتلىرىدە «كەننى» دېگەن سۆز شۇندىن ئېتىبارەن قورشاپ يوقىتىش ئۇرۇشىنىڭ سىمۋول سۆزىگە ئايلاندى.

## 5. ئۇرۇش پۇرسىتىدىكى ئۆزگىرىش

خاننىبالنىڭ كەننى ئۇرۇشىدىكى غەلىبىسى ناھايىتى زور زىلزىلە پەيدا قىلدى، رىملىقلار تولىمۇ مۇشكۈل ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىي رايوندىكى شەھەرلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى خاننىبالنىڭ قولىغا ئۆتتى. رىملىقلار سومىنىئۇم كالابىرىيەنىڭ كۆپ قىسمى، لۇكانىيەنىڭ نۇرغۇن رايونلىرىدىن مەھرۇم قالدى، ئۇزۇن ئۆتمەي كامپانىيە رايونىدىكى كاپۇيە ھەمدە نۇرغۇن قوشنا شەھەرمۇ خاننىبالغا ئۆتتى. خاننىبال ئۇلاردا تولۇق ئاپتونومىيە ھوقۇقى بولۇشقا، ئۇلارنى كارتاگو قوشۇنىغا كىرىشكە زورلىمايدىغانلىقى توغرىسىدا كاپالەت بەردى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى خاننىبالنىڭ ئىتالىيەدىكى تەسىرىنى كېڭەيتىپ، ئۇنى سىياسىي جەھەتتە زور ئۇتۇقلا ئىگە قىلدى.

ئىتالىيەنىڭ سىرتىدىكى، دېڭىز بويىدىكى ئاز سانلىق گىرېك پولىسلىرى[1] رىم بىلەن بولغان ئىتتىپاقنى ساقلاپ قالغاندىن سىرت، باشقىلار رىمدىن يۈز ئۆرۈدى. رىملىقلارنىڭ نەزىرىدە، مۇشۇ يۈز ئۆرۈشلەر ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى، گىرېتسىيەدىكى ماكېدونىيەنىڭ پادىشاھى فىلىپ V نىڭ ئۆزلۈكىدىنلا خاننىبال بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى ھەمدە ئۇنىڭغا

① پولىس — قەدىمكى شەھەر دۆلىتى — (ت).

ھەربىي ياردەم بەرگەنلىكى ئىدى. يەنە بۇرۇن رىم بىلەن كارتاگو ئارىسىدا ئىناقسىزلىق پەيدا قىلغان سىتسىلىيەدىكى شۇراگمۇ خانىبالغا ئاغقاندى. بۇنىڭ بىلەن رىملىقلار پۈتۈن سىتسىلىيە ئارىلىدىن مەھرۇم قالدى، بۇ تۈنجى قېتىملىق پۇنىك ئۇرۇشىنىڭ بارلىق مېۋىلىرىدىن مەھرۇم قالغانلىقتىن دېرەك بېرەتتى. ھەتتا خانىبالنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلىشىغا ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلگەن كارتاگو ھۆكۈمىتى بۇرۇن ھەرقانداق ياردەم بېرىشنى خالىمىغان بولسا، ئەمدى ئىتالىيە تەرەپكە ياردەم ئەۋەتىشنى خالاپ قالدى.

## مۇرەسسەنى قەتئىي رەت قىلىش

كەننى ئۇرۇشىدا، رىم ئەسكەرلىرىدىن كۆپ كىشى ئۆلدى. ئۆلگەنلەر رىمدىكى ئەركەكلەرنىڭ بەشتىن بىر قىسمىغا توغرا كېلەتتى. ئۆلۈم رىمدىكى ھەربىر ئائىلىگە تۇتاشقاندى. شۇڭا شۇم خەۋەر يېتىپ كەلگەندە، پۈتكۈل رىم شەھىرى نالە ـ پەرياد، يىغا ـ زار ئىچىدە قالدى. ھەممە ئائىلە دېگۈدەك سۇرۇشتۇرۇپ ئولتۇرماي ئۆلۈكلەر ۋە تىرىكلەرگە قارىلىق تۇتتى.

ئىگراش، ئالاقزەدىلىك ئىچىدە، رىم سېناتى «ئون كىشىلىك ئۆمەك»نى گىرېتسىيەدىكى دېلپقا خۇدانىڭ ۋەھىيسىنى، بەخت ـ سائادەت ياكى بالا ـ قازا كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. يەنە تەقدىر ھەققىدىكى كاتتا كىتابتىكى تەلىماتلارغا ئاساسەن، شەھەردە ئالاھىدە «نەزىر» ئۆتكۈزۈپ، گائۇللار ۋە گىرېكلاردىن ئىككى جۈپ ئوغۇل ـ قىزنى تاللاپ تىرىك كۆمۈش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى.

ئۇلار رىمغا كەلگەن بۇ بالا ـ قازا خۇدا ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىمىزدىن دەپ قارىغاچقا، ئاشۇنداق ئامال ـ چارىلەر

بىلەن خۇدانى غەزىپىدىن ياندۇرماقچى بولغانىدى.

كەننى ئۇرۇشىدىن كېيىن، خانىبال بۇرۇنقىدەكلا ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن رىم ئوفىتسېرلىرىنىڭ جەسىتىنى تېپىپ، ئۇلارنى ئادەت بويىچە دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ يەرلىككە قويدى. ئۇ رىمغا ئىتتىپاقداش بولغان قوشۇنلاردىن ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى شەرتسىز قويۇپ بېرىش، رىملىق ئەسىرلەر قايتۇرۇۋېلىش سوممىسى تۆلەپ ئەركىنلىكىنى سېتىۋېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. ئۇ رىملىق ئەسىرلەرنىڭ بىر ئۆمەك تەشكىللەپ رىم شەھىرىگە بېرىپ، سېناتتىن قايتۇرۇۋېلىش سوممىسى ئېلىپ كېلىشكە يول قويدى.

سېناتتا، ھۆكۈمدارنى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلانغان فابىئۇس باشقىلارنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ھودۇقۇپ، گاڭگىراپ كەتمىدى. ئۇ تەمكىن ھالدا قەتئىي ۋە كەسكىن تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

بىرىنچى، دەرھال يېڭىدىن قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىپ، ئىككى نەپەر ھۆكۈمدارنىڭ ئىز - دېرىكىنى ۋە خانىبالنىڭ ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈش؛

ئىككىنچى، ھودۇقۇش - قورقۇش كەيپىياتىنى قاتتىق چەكلەش، ئاياللارنى سىرتقا چىقارتقۇزماسلىق، ئاھ - زار سېلىپ قارىلىق تۇتۇشنى مەنئى قىلىش؛

ئۈچىنچى، قاراۋۇللار شەھەر دەرۋازىسىنى قاتتىق ساقلاش، ھەرقانداق ئادەمنىڭ شەھەردىن چىقىشىغا يول قويماسلىق.

سېنات بۇلارنى دەتالاشسىزلا قاراردىن ئۆتكۈزدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي كىشىلەر ھۆكۈمدار فالۇسنىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر ئېلىپ كەلدى:

كەننى ئۇرۇشىدا، فالۇس دەسلەپ سول ياندىكى ئاتلىق ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلغان. ئاتلىق ئەسكەرلەر

پىشكەللىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇ مەركىزىي سەپكە بارغان. ئەمما كارتاگو قوشۇنلىرى ئىككى ياندىن قورشاپ ھۇجۇم قىلغاچقا، ئۇ ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئېغىر يارىدار بولغان. جىسمانىي جەھەتتە بەكلا ئاجىز بولغاچقا، ئۇ نائىلاج ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە جەڭگە داۋاملىق قوماندانلىق قىلغان. بىر كورپۇسنىڭ قوماندانى باش - كۆزى قانغا بويالغان فالۇسنى كۆرۈپ: «لوچىيۇس، ئىملىيۇس، خۇدا سىزگە شەپقەت ئاتا قىلغاي. سىز بۈگۈنكى مۇشۇ بالا - قازا ئىچىدە بىردىنبىر گۇناھسىز ئادەم. ئەگەر يەنە ئازراق ماجالىڭىز بولسا، مېنىڭ ئېتىمغا مىنىڭ. مەن تۆۋەندە سىزگە ھەمراھ بولۇپ، دۈشمەنلەرنى قىرىشىڭىزغا ياردەمدە بولاي! بىز بىرلىكتە قورشاۋنى بۆسۈپ چىقايلى!» دېگەن.

يەردە ياتقان فالۇس مادارسىز ھالدا: «سىزگە رەھمەت! پەقەت ئۆزىڭىزگىلا تەۋە بولغان كىچىككىنە قۇتۇلۇش پۇرسىتىڭىزنى بۇ پايدىسى يوق ھېسداشلىقنى دەپ ئىسراپ قىلماڭ. تېز كېتىڭ! ئاممۇۋى يىغىلىشتا سېناتتىكىلەرگە غەلىبىگە ئېرىشكەن دۈشمەن يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى رىم شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈش زۆرۈرلۈكىنى ئېيتىپ قويۇڭ... يەنە فابىئۇسقا دەپ قويۇڭ، مەن بۇگۈنگە قەدەر ياشىدىم، جان ھەلقۇمغا كەلگەندىمۇ ئۇنىڭ تەلىمىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم. مەن قۇربان بولغانلار قاتارىدا ئەڭ ئاخىرقى نەپەستىن توختاشنى خالايمەنكى، بىر ھۆكۈمدارلىق سۈپىتىم بىلەن تارىخنىڭ سورىقىغا تارتىلىشنى خالىمايمەن، ھەمراھىم ۋاررو ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشنى تېخىمۇ خالىمايمەن، باشقىلارنى ئەيىبلەش بەدىلىگە ئۆزۈمنىڭ پاكلىقىنى قوغداشنى خالىمايمەن» دېگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەننىڭ يا ئوقلىرى، نەيزىلىرى

يامغۇردەك تۆكۈلگەن، فالۇس باتۇرلارچە قۇربان بولغان.

سىناتتىكىلەر قوماندانىنىڭ بايانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قايغۇ ۋە غەزەپ ئىچىدە، ئەسىرلەر ۋە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قايتۇرۇۋېلىش پۇلى توغرىسىدىكى تەلىپىنى رەت قىلدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر خاننىبالنىڭ قارارگاھىغا تولۇق قايتىشتى. خاننىبال ئۇلارنى قۇللۇققا سېتىپ ئافرىقىغا ئەۋەتتى.

ئەمما كەيىندىكى گۇناھكار ھۆكۈمدار ۋاررو رىمغا قېچىپ كەلگەندە، سىنات شەھەر دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىپ ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى. رىمنىڭ ئادىتى بويىچە، مەغلۇپ بولغان گېنېرال جەزمەن جازالىناتتى. ئەمما مۇشۇ چاغدا سىنات ھازىر خەتەرلىك پەيت، مۇھىم بولغىنى قوماندانلىقنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىنى جازالاش ئەمەس، جەڭگىۋارلىقىغا ئىلھام بېرىش دەپ ھېسابلىغاندى.

## فابىئۇسىزمنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشى

ئەمەلىيەت فابىئۇسنىڭ ئىستراتېگىيەلىك كۆزقارىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. خاننىبال ئالپ تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈشتەك مۆجىزىنى ياراتتى، ئىتالىيەدە يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن پارلاق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئۇنىڭ ھەربىي ماھارىتى يۇقىرى، ھەيۋىسى بەك زور ئىدى. ئەمما ئۇ يەككە ـ يىگانە ھالدا دۆلىتىدىن ناھايىتى يىراقتىكى بۇ يەرگە كەلگەن بولغاچقا، ئىتالىيەدە ئۆزۈن مۇددەتلىك تەمىنات بازىسى قۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆزىمۇ خەتەرلىك مىنۇتلارغا بېرىپ قالغانىدى. فابىئۇسنىڭ «ئارقىغا تارتىش» تاكتىكىسى گەرچە رىمغا مىسلىسىز زىيان يەتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما خاننىبال بەرداشلىق

بىرەلمىگۈدەك پەيت يېتىپ كەلگەندە هامان ھەممە زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولاتتى.

ئىستراتېگىيە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇشۇ تاپتا خاننىبالنىڭ ئىككى ئەجەللىك ئاجىزلىقى بار ئىدى:

بىرىنچى، كارتاگونىڭ دۆلەت ئىچى بەكلا مۇقىمسىز بولۇپ، هۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىچكى قىسمىدا چوڭ يەر ئىگىلىرى بىلەن چەت ئەللەردە سودا قىلىدىغان كاتتا سودىگەرلەر ئوتتۇرىسىدا قاتمۇقات زىددىيەت بار ئىدى. ئالدىنقىلار خاننىبالنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا كۈچلۈك قارشى تۇرغۇچىلار ئىدى، كېيىنكىلەر ئۇرۇشتىن ئېرىشىدىغان پايدىنى ئۇرۇشنى قوللاش شەرتى قىلغۇچىلار ئىدى. ئەگەر ئۇزۇنغىچە دۆلەت ئىچىگە ئالتۇن - كۈمۈش، بايلىق ۋە قۇللار ئەۋەتىلمىسە، ئۇلار ئۇرۇشقا قەتئىي قارشى تۇرغۇچىلارغا ئايلىناتتى. ئەمما شۇ چاغدىكى رىمدا سىياسىي تۈزۈم ئىسلاھ قىلىنغاچقا، گەرچە پۇقرالار بىلەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ نۇرغۇن مەسىلىلەردىكى قارىشى بىردەك بولمىسىمۇ، بىراق توپ زىددىيەت ھەل قىلىنغانىدى. دۈشمەن قىستاپ كەلگەچكە، رىملىقلارنىڭ مىللىي روھى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكى مىسلىسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، ئىچكى قىسمىدا دۈشمەنگە نىسبەتەن ئورتاق ئۆچمەنلىك، ئىتتىپاقلىق بار ئىدى، غەلىبە قىلىش پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىلا ئىدى.

ئىككىنچى، رىم پۇقرالىرىنىڭ ئەسكەر بولۇش تۈزۈمى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش داۋامىدا غايەت زور رول ئوينىغانىدى. ۋەتەن زېمىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن پۇقرالار بەس - بەستە ئەسكەر بولاتتى، 16 ياشتىن يۇقىرى ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى سەپەرۋەر قىلىنغانىدى. ئەمما كارتاگو پۇقرالىرىنىڭ قوشۇندىكى سانى بەك ئاز بولۇپ، ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ياللانما ئىدى، ئۇلارنىڭ

جەڭگىۋارلىقى رىملىق پۇقرالارنىڭكىگە يەتمەيتتى، ياللانما ئەسكەرلەر تەشكىلسىزرەك، بوشاڭ بولۇپ، غەلىبە قىلغان چاغدا خۇشال بولۇپ، مەغلۇپ بولغاندا تېخىمۇ بوشاپ كېتەتتى، ئۇلار تېز جەڭ قىلىشقا يارىسىمۇ، ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشقا تازا يارىمايتتى. شۇڭا ئۇرۇشنىڭ سوزۇلۇشى خاننىبالغا پايدىسىز، رىمغا پايدىلىق ئىدى.

رىملىقلار كەننىدىكى مەغلۇبىيەتنىڭ ئازابلىرىدىن ئاخىر فابىئۇسنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مەقسىتىنى چۈشەندى. شۇڭا ئۇلار قايتىدىن فابىئۇسنىڭ تاكتىكىسىنى قوللاندى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 215 ـ يىلى يېڭى سايلامدا فابىئۇس ئۈچىنچى قېتىم ھۆكۈمدارلىققا سايلاندى، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 214 ـ يىلى يەنە بىر نۆۋەت ئادەتنى بۇزۇپ تاشلاپ داۋاملىق ھۆكۈمدار بولدى. ئۇ كەننىدىكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان قوشۇنغا قوماندانلىق قىلدى.

خاننىبال نېمە ئۈچۈن كەننىدىكى غايەت زور غەلىبىدىن پايدىلىنىپ رىم شەھىرىنى ئىشغال قىلمىدى؟ بۇ تا بۈگۈنگىچە قەدەر بىر تارىخىي سىر بولۇپ كەلدى. نۇرغۇنلار ئۇ شۇندىن ئېتىبارەن رىمغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ «ئالتۇن چاغ» لىرىنى ئەبەدىيگە قولدىن بېرىپ قويدى، دېيىشتى.

ئەينى چاغدا، ئۇنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى ئۇنىڭغا تەكلىپ بېرىپ:

— بەلكىم بۇ ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى نەتىجىسىنى تونۇپ يەتكەنسىز. بەش كۈن ئىچىدە سىز كاپىتو تېغى (رىم شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىزلىك) ئۈستىدىن غەلىبە شارابى ئىچىسىز، — دېگەن. ئەمما خاننىبال:

— ماڭا ۋاقىت كېرەك، تەكلىپىڭىزنى ئويلىناي، — دېگەن.

لېكىن پۇرسەت دېگەن ئاققان سۇدەكلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاشۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر قوماندانى كېيىن خورسىنىش ئىچىدە مۇنداق دەيدۇ:

— خۇدا ھەقىقەتەن بىر ئادەمگە ھەممىلا ئىقتىدارنى تەڭ بېرىۋەتمىگەنىكەن. بىزنىڭ سەركەردىمىز قانداق غەلىبە قىلىشنى بىلگەن بىلەن غەلىبىدىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلەلمىدى.

## رىمنىڭ مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈشى

رىملىقلار ئېھتىيات بىلەن ھەرىكەت قىلدى. ئۇلار ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خاننىبالنىڭ ئاساسىي قوشۇنى بىلەن زور كۆلەملىك توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۆز قولىدىكى مۇداپىئە بازىلىرىنى پۇختا قوغداپ، دۈشمەن كۈچىنى خوراتتى. پۈتۈن دىققىتىنى كارتاگوغا ئەل بولغان ئىتتىپاقداشلىرىنى قورشاشقا قاراتتى.

خاننىبالنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سانى ئەزەلدىنلا كۆپ بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۈزۈكسىز قولغا كەلگەن غەلىبە قوغداش لىنىيەسىنى ئۇزارتىۋەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، يەنە ئىلگىرىلەشنىڭ چېكى بارلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. نۇرغۇن ئىتتىپاقداش خاننىبالنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن قايتىدىن رىمنىڭ ئايىغىغا باش قويدى. بۇنىڭ بىلەن خاننىبال نۇرغۇن قان - تەر بەدىلىگە ئېرىشكەن كۆپلىگەن بازىلار قايتىدىن رىملىقلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

رىملىقلار كەنىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، پائال تۈردە قوشۇن توپلىدى. ھەتتا تۈرمىدىكى گۇناھكارلار ۋە قۇللارمۇ مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئەركىنلىككە ئېرىشتى - دە، ئەسكەرلىككە

ئېلىندى. شۇڭا قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە رىم ئۆز قوشۇنلىرىنى ئوبدانلا كۆپەيتىۋالدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 212 ـ يىلى رىم ئەسكەرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 250 مىڭغا يەتتى. مۇشۇنداق بولغاندا رىملىقلار ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە بېكىتكەن پىلاننى يولغا قويالايتتى: كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ خاننىبالنىڭ ئارقا سەپتىكى مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك بازىلىرىغا زەربە بېرىش، دۈشمەن ئارقا سېپىنىڭ تەمىناتى ۋە ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈپ تاشلاش. ئۇلار بىر بۆلەك ئەسكەرلىرىنى سىتسىلىيە ۋە ئىسپانىيەگە ئەۋەتىپ، ھەربىي ھەرىكەتنىڭ مەركىزىنى ئىتالىيەنىڭ سىرتىغا يۆتكەشنى قارار قىلدى.

ئافرىقا ۋە ئىسپانىيە خاننىبالنىڭ ئادەم ۋە ماددىي كۈچ تولۇقلىشىدىكى ئاساسلىق بازىسى ئىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 211 ـ يىلى رىمنىڭ غايەت زور قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارمىيەسى سىتسىلىيەگە قاراپ ماڭدى، شۇنداقلا رىم بىرلا ۋاقىتتا شۇراگونى قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدىن قورشىۋالدى. بىر يېرىم يىل قورشالغاندىن كېيىن، شۇراگو ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتتى، ئارقىدىنلا پۈتۈن سىتسىلىيە ئارىلى رىمنىڭ قولىغا ئۆتتى. رىملىقلار ئىسپانىيەدىمۇ كارتاگولۇقلار بىلەن جەڭ قىلدى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 209 ـ يىلى ياز پەسلىدە، ئىسپانىيەدىكى رىم قوشۇنى باش سەركەردە سكىپو (ھۆكۈمدار سكىپونىڭ ئوغلى) نىڭ باشلامچىلىقىدا قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدىن تەڭلا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، بىر يولىلا كارتاگونىڭ ئىسپانىيەدىكى يۇرىكى — يېڭى كارتاگو شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىسپانىيەنىڭ شەرق ۋە جەنۇبلىرىدىكى بىر قىسىم جايلارنى ئىشغال قىلدى. شۇ يىلى فابىئۇس بەشىنچى نۆۋەتلىك ھۆكۈمدارلىق مەزگىلىدە خاننىبال ئۈچ يىل قاتتىق ساقلىغان تارېنتنى ئىشغال قىلدى.

ئىتالىيە زېمىنىدا، رىملىقلار ئاستا ـ ئاستا قولىدىن كەتكەن شەھەر ۋە رايونلىرىنى قايتۇرۇۋالدى. ئۇلار باي ۋە ئادىمى كۆپ بولغان كامپانىيە رايونىدىكى كاپۇيە شەھىرىنى تاللاپ، بۇ شەھەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى رىمنىڭ جەنۇبىي ئىتالىيەدىكى ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىسىدىكى ئەڭ مۇھىم نىشان قىلدى. رىملىقلار جەنۇبتا تەخمىنەن 100 مىڭ كىشىلىك غايەت زور قوشۇن توپلاپ كاپۇيە شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار شەھەر ئەتراپىدا قوش خەندەك ۋە سېپىل پەيدا قىلدى. خاننىبال دەرھاللا سەر خىل پىيادە ئەسكەر، ئاتلىق ئەسكەر ۋە جەڭ پىللىرىنى باشلاپ، كاپۇيەنى قورشاۋدىن قۇتقۇزماقچى بولغان بولسىمۇ نەتىجە قازىنالمىدى.

خاننىبال رىمغا يۈرۈش قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ بۇ ئارقىلىق رىملىقلارنى كاپۇيەنى قورشاشتىن ۋاز كەچتۈرمەكچى، ئاندىن سەپەر داۋامىدا دۈشمەننى يوقاتماقچى بولدى. ئۇ قوشۇننى باشلاپ ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئۇدۇللا رىمغا قاراپ ماڭدى. ئەمما خاننىبال ھەقىقىي تۈردە رىمغا ھۇجۇم قىلماقچى ئەمەس ئىدى. رىم شەھىرىنىڭ پۇختا سېپىللىرى بارلىقى، ئۇنى 40 مىڭچە كۈچلۈك قوشۇن ۋە سانسىز پۇقرانىڭ قوغداۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇڭا ئازغىنە قوشۇنغا تايىنىپ رىم شەھىرىنى ئىشغال قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

خاننىبال رىم شەھىرىنىڭ سىرتىدا توققۇز كۈن ساقلىدى. ئۇ رىمنىڭ بىر تارماق قوشۇنىنىڭ پايتەخت رىمنى قوغداش ئۈچۈن كاپۇيەدىن يولغا چىققانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھاللا كاپۇيەگە قايتتى. ئەمما خاننىبال كاپۇيەگە يېقىنلاشقاندا چۆچۈپ كەتتى: ئەسلىدە رىملىقلار خاننىبالنىڭ بۇ قېتىمقى ھىيلىسىنى بىلىۋالغانىدى. شۇڭا كىچىك بىر قوشۇننى پايتەختكە ياردەمگە ئەۋەتىپ قويۇپ، قالغان قىسىملىرى بىلەن

كاپۇيەنى قورشاشنى داۋاملاشتۇرغاندى. خاننىبال كاپۇيەنى قورشاۋدىن قۇتقۇزۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا چېكىندى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 211 ـ يىلى كاپۇيە شەھىرىدە ئوق ـ دورا، ئوزۇق ـ تۈلۈك تۈگەپ ئۇلار تەسلىم بولدى. كاپۇيەنىڭ قولدىن كېتىشى خاننىبال ئۈچۈن تەمىنلەش جەھەتتىكى زور زەربە بولدى. ئۇ خەتەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالدى.

ئارقىدىنلا رىملىقلار كالابىرىيە رايونىدىكى تارانتونى قايتۇرۇۋالدى.

روشەنكى، ئۆتكەن ئون يىلدا خاننىبالدىن ئىبارەت بۇ قاتتىق بىلەي رىمدىن ئىبارەت ئۇ قىلىچنى بارغانچە ئىتتىكلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

ئۇرۇش ۋەزىيىتىدىكى تەرەققىيات ئىتالىيەلىكلەرنىڭ پوزىتسىيەسىدە جىددىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. نۇرغۇن ئىتتىپاقداش خاننىبالنىڭ كۈنسايىن بولالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئارقا ـ ئارقىدىن قايتا رىملىقلارغا باش قويدى. باش ـ كۆزى قانغا بويالغان خاننىبال كارتاگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئادەم ۋە ماددىي كۈچ جەھەتتىكى ياردىمىگىمۇ ئىگە بولالمىدى، ئۇنداق ياردەمگە ئىتالىيەدىمۇ ئېرىشەلمىدى. مۇشۇنداق مۈشكۈل ئەھۋالدا، ئۇ ئاخىرقى ھۆنىرىنى ئىشقا سالدى: ئىنىسى خاسدرۇبالدىن ئىسپانىيەدىكى كارتاگو قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

## ئىنىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش

خاننىبالنىڭ ئۈچ ئىنىسى بولۇپ، تۇنجىسىنىڭ ئىسمى خاسدرۇبال، ئوتتۇرانچىسىنىڭ ماگو، كەنجىسىنىڭ خاننو ئىدى.

ئۇلار ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، كارتاگو قوشۇنىدا خىزمەت قىلاتتى ھەمدە مۇستەقىل ھالدا قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلالايتتى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 218 ـ يىلى خاننىبال ئىسپانىيەدىن ئىتالىيەگە قاراپ يۈرۈش قىلغاندا، چوڭ ئىنىسىنى سىياسىي، ھەربىي ھوقۇقنى ئىگىلەپ، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ياردەم بېرىشى ئۈچۈن ئىسپانىيەدە قالدۇرۇپ، قالغان ئىككى ئىنىسىنى ئۆزىگە قول ـ قانات قىلىپ بىللە ئېلىپ ماڭغاندى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 207 ـ يىلى باھاردا، خاسدرۇبال قول ئاستىدىكى 20 مىڭچە ئەسكەرنى باشلاپ، ئەينى چاغدا خاننىبال يۈرۈش قىلغان يول بىلەن ئالپ تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ئىتالىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى گائۇللار رايونىغا كەلدى. پو دەرياسى ۋادىسىدا گائۇللار ياردەم قىلغان 10 مىڭ ئەسكەرگە ئىگە بولدى. ئارقىدىنلا ئۇلار شەرقىي دېڭىز بويىنى ياقىلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلدى. يولدا خاسدرۇبال خاننىبال بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن كالابرىيەگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئاپرىيەدە خاننىبال بىلەن ئۇچراشماقچى بولدى.

خاننىبال ئۆزىنىڭ ياردەم سوراپ يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىنىسىنىڭ ئۇنچىۋالا تېز ئىتالىيەگە كېلىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ كالابرىيەدە قىشنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بارگاھ قۇرۇپ، كۆكلەم يېتىپ كەلگەندە ئاندىن ئاپۇرىيەگە بېرىپ، شۇ يەردە خاسدرۇبالنى كۈتمەكچى بولغانىدى.

ھالبۇكى، خاسدرۇبال خاننىبالنىڭ قېشىغا ئەۋەتكەن ئەسكەرلەر ئۇنى دېگەن جايدىن تاپالمىغاچقا، تەرەپ ـ تەرەپتە سۈرۈشتە قىلدى. ئۇلار كالابرىيەدىن خاننىبالنى تاپالمىدى، شۇڭا تارانتوغا باردى. بۇ يەردە ئۇلارنى رىمنىڭ غەللە ـ پاراق

يىغىپ يۈرگەن ئەسكەرلىرى تۇتۇۋالدى. رىمنىڭ ھۆكۈمدارى نىل ئۇلارنى ئاختۇرۇپ خاسدرۇبالىنىڭ خاننىبالغا يازغان خېتىنى تېپىۋېلىپ، خاسدرۇبال قوشۇنلىرىنىڭ يۈرۈش لىنىيەسىنى ھەمدە خاننىبال بىلەن ئۇچراشماقچى بولغان ۋاقىت، ئورۇننى بىلىۋالدى.

رىملىقلار خاسدرۇبالنىڭ ئىتالىيەگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن دەرھال جىددىيلەشتى. ھۆكۈمدار لىۋىياس شۇ ئانلا قوشۇنلىرىنى توپلاپ ئىتالىيەنىڭ شەرقىي قىسمىغا ئەۋەتىپ مۇداپىئەگە ئۇيۇشتۇرۇپ، بارلىق يوللارنى قامال قىلىپ، خاسدرۇبالغا زەربە بېرىشكە تەييارلاندى. خاننىبالنىڭ كەينىدىن ئىز قوغلاپ يۈرگەن نىل مۇشۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن، دەرھال كەسكىن تەدبىر قوللاندى. ئۇ بىر بۆلەك قوشۇنغا خاننىبالنى داۋاملىق كۆزىتىشنى بۇيرۇپ، قالغان قىسىملىرىنى ئېلىپ ئەڭ تېز سۈرئەتتە شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ لىۋىياسنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن جەم بولۇشقا ماڭدى.

نىل 7000 سەرخىل ئەسكەر بىلەن يەتتە كېچە ـ كۈندۈز جىددىي يول يۈرۈپ، ئاخىرى كەچتە لىۋىياسنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار كېچىلەپ يىغىن ئېچىپ جەڭ پىلانىنى مۇزاكىرە قىلدى. كۆپ ساندىكىلەر نىلنىڭ قوشۇنى دەم ئالغاندىن كېيىن ئاندىن جەڭگە كىرىشىنى تەكلىپ قىلدى. نىل دەرھال ھۇجۇم قىلىشنى تەكىتلىدى. ئۇ خاننىبال ۋە خاسدرۇبال رىم ئەسكەرلىرىنىڭ يۆتكىلىش ئەھۋالىنى بىلىشتىن ئىلگىرى ھۇجۇم قىلىش كېرەك، شۇندىلا تۇيۇقسىز زەربە بېرىشنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلىغانىدى. ئاقىۋەت كۆپچىلىك ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى قىسىملار تەييارلىق قىلىپ، خاسدرۇبالنى بىراقلا يوقاتماقچى بولدى.

رىملىقلار ئەسكەرلىرىنى بۆكتۈرمە قىلىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئۇنۇمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، نۇرغۇن مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ۋاستىلىرىنى قوللاندى. بارلىق قوشۇنلارنى توپلاش، يۆتكەش ئىشلىرى مەخپىي ئېلىپ بېرىلدى. ياردەم بەرگۈچى قىسىملار لىۋىياسىنىڭ بارگاھلىرىغا قىستىلىپ كىچىنى ئۆتكۈزدى. ئۇلار نۇرغۇن ئامالىلارنى ئويلاپ، كۆپلىگەن ئالدىنى ئېلىش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ ئەسكىرىي كۈچىنى يوشۇردى، ئەمما بەلگە توغرىلاش ئاۋازىنى كونترول قىلىشقا سەل قارىدى. رىملىقلار جەڭگە تەييارلىنىش سىگنالى چالغاندا، گازارمىدىن ئىككى خىل سىگنال ئاۋازى ياڭرىدى. سەزگۈر خاسدرۇبال شۇ ئانلا لىۋىياسىنىڭ گازارمىسىدا باشقا بىر قوشۇنمۇ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ياردەمچى قوشۇنغا ئىگە بولۇشتىكى مەقسىتى ئۆزى بىلەن جەڭ قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. خاسدرۇبال دەرھاللا يۈزتۇرانە تۇتۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كېچىلەپ غەربكە چېكىنىپ ئاپېنىنىن تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتتى.

ئەمما، ئۇ قاراڭغۇلۇقتا يول باشلىغۇچىنىڭ قېچىپ كېتىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. قىسىم يول تاپالماي مېتۇر دەرياسىنى كېچىپ ئۆتكەچكە، نۇرغۇن ۋاقتى ئىسراپ بولۇپ كەتتى. رىملىقلار خاسدرۇبالنىڭ چېكىنىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ ئارقىسىدىن قوغلىدى ۋە ئۇنى جەڭگە مەجبۇرلىدى.

ئۆزىدىن 40 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرگە ئىگە قوشۇن ئالدىدا، خاسدرۇبالغا باشقا يول يوق ئىدى، ئۇ نائىلاج جەڭ قىلماقچى بولدى. ئۇ قوشۇننى مۇنداق ئورۇنلاشتۇردى:

مەركىزىي سەپكە ئالپ تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى گائۇللاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇن تىزىلدى، جەڭ پىللىرى مەركىزىي سەپتىكى پىيادە ئەسكەرلەرگە بېرىلدى ۋە ئەڭ ئالدىغا تىزىلدى.

ئالىپ تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى گائۇللاردىن تەشكىللەنگەن قىسىم سول يانغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بىر كىچىك تاغقا جايلاشتۇرۇلدى، ئوڭ يانغا خاسدرۇبال باشچىلىقىدىكى ئىسپانىيەلىك قوشۇن مەسئۇل بولدى.

رىم قوشۇنلىرىنىڭ سەپپى مۇنداق ئىدى: نىل بىر بۆلەك قىسىم بىلەن ئوڭ ياندىكى جەنۇبلۇق گائۇللار قوشۇنلىرى ئۇدۇلىغا ئورۇنلاشقان، لىۋياس سول ياندىكى قوشۇننى باشلاپ ئىسپانىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئۇدۇلىغا، قالغانلار مەركىزىي بۆلەككە ئورۇنلاشقانىدى.

كارتاگو قوشۇنلىرىنىڭ ئوڭ يانىدىكىلىرى ئالدى بىلەن ھۇجۇم باشلىدى. ئارقىدىنلا رىم قوشۇنلىرىنىڭ سول ياندىكى ۋە ھەر ئىككى ياندىكى مەركىزىي قىسىملىرى جىددىي جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. دەسلەپتە خاسدرۇبال يېتەكچىلىكىدىكى قوشۇن دۈشمەننى باتۇرلۇق بىلەن قىردى. جەڭ پىللىرىنىڭ زەربىسى بىلەن رىم قوشۇنلىرىنىڭ بىرىنچى سەپتىكى ئەسكىرىي كۈچى بوشاپ كەتتى. ئەمما رىملىقلار يەنىلا سالماق ھالدا جەڭ قىلىۋەردى، ئۆزگىرىشچانلىقىقا ئىگە سەپ تۈزۈلۈشىدىن پايدىلىنىپ كارتاگو قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇردى. ئارقىدىن رىم قوشۇنى ۋارقىرىشىپ دۈشمەننى قىستاپ كەلدى. جەڭ پىللىرى ئۈركۈپ كونترولل‌ۇقىنى يوقاتتى ــ ئۇلار خۇددى پالاقچىسى يوق قولۋاقتەك، ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى، نۇرغۇن پىل قاچماقچى بولۇپ ئۆز ئادەملىرىنى دەسسىۋەتتى، كارتاگو قوشۇنىدا زور مالىمانچىلىق كېلىپ چىقتى ۋە زور زىيان كۆرۈلدى. ئۇلار قاچقان پىللارنى نائىلاج ئۆلتۈرۈۋەتتى. خاسدرۇبال ئەڭ ئالدىنقى سەپتە ئاددىي ئەسكەر ھالىتىدە جەڭ قىلىپ يۈرۈپ، ئەسكەرلەرنىڭ كەيپىياتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، باتۇرانە جەڭ قىلالايدىغان ھالغا كەلتۈردى.

ئىككى تەرەپ جىددىي جەڭ قىلىشىۋاتقاندا، يەر شەكلىنىڭ توسقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن دۈشمەن بىلەن تۇتۇشالماي قالغان نىل سول يانلىكى جەڭنىڭ قىزىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، سول يانغا ياردەم بەرمەكچى بولدى، شۇڭا ئۇ ئاز ـ تولا ھەرىكەت قىلىپ كارتاگو قوشۇنىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئازغىنە ئەسكەرنى قالدۇرۇپ، ئۆزى قالغان قىسىملارنى باشلاپ رىملىقلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئايلىنىپ سول يانغا ئۆتۈپ، ئاندىن يەنە خاسدرۇبال قىسىملىرىنىڭ ئوڭ يېنى ئارقىسىغا بېرىپ، ئارقىدىن خاسدرۇبال قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ تۇيۇقسىز زەربە كارتاگو قىسىملىرىنىڭ سول يېنىدا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى، ئۇلار مەركىزىي قىسىم تەرەپكە چېكىندى، ئارقىدىنلا رىمنىڭ مەركىزىي بۆلەكتىكى ۋە سول يانلىكى قىسىملىرى ئۇدۇلدىن ئوڭ يانلىكى قىسىملىرى ئارقىدىن ھۇجۇم قىلدى. كارتاگو قىسىملىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن قىستاپ قىلىنىۋاتقان ھۇجۇم ئاستىدا يەنە جەڭ قىلىشنى خالىمىدى، ئادەملەر قېچىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن سەپ بۇزۇلۇپ كەتتى.

خاسدرۇبال ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپكە كەلدى ـ دە، ئات چاپتۇرۇپ دۈشمەن سېپىگە باستۇرۇپ كىرىپ تاكى ئۆلگەنگە قەدەر ھېچنېمىگە قارىماي دۈشمەننى قىردى.

مېتور ئۇرۇشىدىن بىرنەچچە كۈن كېيىن، رىملىقلار خاسدرۇبالنىڭ كاللىسىنى خاننىبالنىڭ ئالدىنقى سەپ قاراۋۇللىرىنىڭ چېدىرىغا تاشلىدى.

## ھالاكەتنىڭ بېشارىتى

شۇم خەۋەر يېتىپ كەلگەندە خاننىبال ھوشىنى يوقاتتى. ئۇنىڭغا خاسدرۇبالنىڭ ئۆلۈمىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى

تولىمۇ ئايدىڭ ئىدى. كەننى ئۇرۇشىدىن كېيىن، گەرچە ئۇ كۆپ قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆز ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىپ كەلگەنىدى. ئەمما مېتور ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، ئۇ ئىستراتېگىيەمدىمۇ خاتالىق بارمۇ قانداق دەپ ئويلىنىپ قالدى. خاسدرۇبالنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئىسپانىيەدىن ياردەمگە ئېرىشىش ئۈمىدى يوققا چىقتى. ئىتالىيەدە غەلىبىگە ئېرىشىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد شامىمۇ ئۆچتى. خاننبال نائىلاج ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىدىكى كالابىرىيەگە بېرىپ، شۇ يەرنى ساقلاپ ياتماقچى بولدى.

كېيىن خاننبالنىڭ يەنە بىر ئىنىسى ماگومۇ رىگۇرىيەدە قۇرۇقلۇققا چىقماقچى بولغاندا مەغلۇپ بولدى. خاننبالنىڭ ياردەمگە ئېرىشىش ئۈمىدى كۆپۈككە ئايلاندى. ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى بىلەن خاننبالنىڭ يەككە ھالدا ئىچكىرىلەپ كىرگەنلىكىدىكى ئاجىزلىقلار روشەن كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئىچىدە، خاننبال گىرېتسىيە ئەپسانىلىرىدە تەسۋىرلەنگەن قەبرىستانلىققا — «قۇشسىز كۆل»گە بېرىپ تاۋاپ قىلدى.

قۇشسىز كۆل ئەسلىدە ۋولقان ئېغىزى ئىدى. يانار تاغ پارتلىغاندىن كېيىن، 200 ئىنگلىزچىسى كەڭلىكتە، 1.5 ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتا بىر ئويمان قالغانىدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يەر ئاستى سۇلىرى بۇ ئويماندىن توختىماي ئېتىلىپ چىقىپ تۇپلىنىپ، بۇ ئويماننى چىرايلىق كۆلگە ئايلاندۇرغانىدى. قەدىمكى ئىتالىيەنىڭ ئەپسانىلىرىدە، بۇ يەر ئۇ دۇنيانىڭ كىرىش ئېغىزى دەپ تەسۋىرلەنگەنىدى. كۆل يۈزى كەڭ بولمىغانلىقى، تۆت ئەتراپىتا قويۇق دەرەخلەر ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن كۆل بويىدىكى ئۆڭكۈرگە جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت

ئادەملىرى يىل بويى كۈن نۇرىنى كۆرەلمەيتتى. رىۋايەتتىكى «جەننەت» خاكىت مۇقەددەس ئورمانلىقى ۋە كۇمائىپدىكى ئايال بېشارەتشۇناس سىبىلنىڭ ئۆڭكۈرىمۇ مۇشۇ ئەتراپتا ئىدى. خاننىبال ياش ۋاقىتلىرىدا «هومېر» داستانىدىكى «ئودىسسا» نى ئوقۇغان. شۇڭا بۇرۇندىنلا بۇ يەرنى بىر كۆرۈش ئىستىكى بار ئىدى. ھېلىقى كىتابتا ئودېسسانىڭ مۇشۇ يەردە ئەزرائىل خادرېس بىلەن كۆرۈشكەنلىكى — ئۇ تاۋاپ قىلىۋاتقاندا، ئەزرائىلنىڭ ئۆزىگە قاراپ كەلگەنلىكى، جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆلۈپ كەتكەن سەپداشلىرىنىڭ چىرايىنىڭمۇ كۆز ئالدىدا پەيدا بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەندى...

بالىلىق چاغلىرىدىنلا گىرېك تەربىيەسى ئالغان خاننىبال بۇ يەردە تاۋاپ قىلىۋاتقاندا، كۆڭلىدە غەم ـ قايغۇ ۋە شاد ـ خۇراملىق تەڭلا پەيدا بولدى. ئالدى بىلەن ئۇ ئىتالىيەنى بويسۇندۇرغۇچى چەت ئەللىك سۈپىتىدە، خۇددى ئودېسساغا ئوخشاش جەزمەن رىۋايەتكە قوشۇلىدىغان ئادەم سۈپىتىدە بۇ يەرگە كەلگەندى. بىراق ئۇ بۇ ئارزۇسىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ تۆلىگەن بەدەلنىڭ ئېغىرلىقىدىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. بۇ يەردە ئۇ ئويلاندى: قىلغانلىرىم راستتىنلا ئەرزىمدۇ، ئۇ قانداق باشلانغان، قانداق ئاياغلىشىدۇ؟

# 6. ماھىرغا دۇچ كەلگەن ماھىر

خاننىبالنىڭ يۇلتۇزى خىرەلەشكەن چاغدا، رىم ئاسمىنىدا بىر سىياسىي، ھەربىي ئىشلار چولپانى پارلىدى.

ئۇنىڭ ئىسمى پۇبلىئۇس كورنېلىئۇس سكىپو ئىدى.

ئۆز دەۋرىدىكى خاننىبالغا ئوخشاش، سكىپو تۇغۇلغاندا ئۇنىڭ دۆلىتى كارتاگوغا قارشى ئۇرۇش قايىنىمىغا پاتقانىدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ شانلىق مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەندە، بۇ ئۇرۇش تېخى ئاياغلاشمىغانىدى. ئۇ خاننىبالغا ئوخشاشلا پۈنىك ئۇرۇشى يېتىشتۈرگەن بۈيۈك ھەربىي تالانت ئىگىسى ئىدى. ئۇنىڭ خاننىبالغا ئوخشىمايدىغان بىردىنبىر يېرى، ئۇنىڭ خاننىبالغا دۈشمەن دۆلەتتە تۇغۇلغانلىقى، خاننىبالدىن ياشراقلىقى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستازى ئاتىسى بولماستىن، بەلكى خاننىبال ئىدى. شۇنداق، ئۇ خاننىبال بىلەن جەڭ قىلغان چاغلاردا، خاننىبالغا قارشى سەپتە تۇرۇپ يېتىلگەن، ئەجدادلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ كامال تاپقان ئەرباب ئىدى.

## خەۋپلىك پەيتتە ساداقەت بىلدۈرۈش

سكىپو ياشلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا ئاتىسىغا — ھۆكۈمدار سكىپوغا ئەگىشىپ، ئىتالىيەنىڭ شىمالىدا خاننىبال بىلەن جەڭ قىلغانىدى. تىكىن دەرياسى ئۇرۇشىدا جەڭگە قوماندانلىق

قىلىنۋاتقان ئاتىسى ئېغىر يارىلاندى. شۇ چاغدا ئەمدىلا 81 ياشقا كىرگەن سكىپو جەڭ ئوتى قاپلىغان جەڭگاھتىن ئاتىسىنى يۈدۈپ چىقتى. كەننى ئۇرۇشى داۋامىدا خاننىبالنىڭ سەپنى قانداق تەشكىللىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سېپىدىكى كۈچ - قۇدرەتنىڭ هەددى - هېسابسىز ئىكەنلىكىنى هېس قىلدى.

شۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، سكىپو بىر بۆلەك قالدۇق ئەسكەرلەر بىلەن كۈرنۇسۇمغا چېكىندى. قىسىمدىكى نۇرغۇنلار ئىستىقبالدىن ئۈمىد ئۈزدى. بەزى ياش ئاقسۆڭەكلەر كەننىدىكى مەغلۇبىيەت رىم جۇمھۇرىيىتىنىڭ گۇمران بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇلار باشلىقى مىتېلوسقا ئىتالىيەدىن ۋاز كېچىپ، چەت ئەلگە بېرىپ پاناھلىنىشىنى تەكلىپ قىلدى. مىتېلوس بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشقا قوشۇلدى. بىراق مۇھاكىمە ئۆتكۈزۈلگەندە، سكىپو بىرنەچچە ئەگەشكۈچىسىنى باشلاپ مىتېلوسنىڭ چېدىرىغا كىرىپ كەلدى.

سكىپو شەمشىرىنى چىقىرىپ، مىتېلوسنىڭ بوينىغا تەڭلەپ تۇرۇپ:

— مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا قەسەمىيات قىلىمەنكى، ئۆمۈرۋايەت جۇمھۇرىيەتتىن يۈز ئۆرۈمەيمەن. ناۋادا ۋەدەمگە ۋاپا قىلمىسام شەپقەتلىك ۋە هەممىگە قادىر جوپىتېر[①] ماڭا، ئائىلەمدىكىلەرگە ۋە مال - مۈلۈكلىرىمگە قاتتىق جازا بەرگەي. مەن سىلەردىن ماڭا ئوخشاش قەسەمىيات قىلىشنى تەلەپ قىلىمەن. كىمدە كىم قەسەمىيات قىلمىسا، مۇشۇ شەمشەر بىلەن كاللىسىنى ئالىمەن، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، هەممىسى

① جوپىتېر — رىم ئەپسانىلىرىدىكى ئەڭ ئالىي ئىلاھ، يەنى يۇنان ئەپسانىلىرىدە سۆزلەنگەن زېۋس — (ت).

قەسەمىيات قىلىشنى ھەمدە سكىپونىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. مۇشۇ چاغدا سكىپو ئارانلا 21 ياشتا ئىدى.

كەننى ئۇرۇشىدىن كېيىن، رىملىقلار ئۇرۇش ئوتىنى ئىسپانىيەگە تۇتاشتۇردى. ئۇرۇش پارتلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، رىم پېشقەدەم ئاكا ـ ئۇكا سكىپولار (سكىپونىڭ ئاتىسى ۋە تاغىسى) نى كارتاگونىڭ ئەمەلىي كۈچىنى گۇمران قىلىش ئۈچۈن ئىسپانىيەگە ئەۋەتتى. ئەمما مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 211 ـ يىلىدىكى بىر قېتىملىق جەڭدە ئۇ ئاكا ـ ئۇكىلار قۇربان بولدى. 25 كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە سكىپو ئاتىسى ۋە تاغىسىدىن ئايرىلىپ قالدى.

بۇ بالا ـ قازا بولۇپ، ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي رىم سېناتى قاپ يۈرەكلىك بىلەن بىر قارارنى چىقىرىپ، ئەمدىلا 24 ياشقا كىرگەن سكىپونى ئاتىسىنىڭ ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئىسپانىيەدىكى رىم قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتتى. سكىپو كۆكسى ـ قارنى كەڭ، چىقىشقاق، مېھرىبان، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان ھەم چاقماقتەك ھەرىكەت قىلىدىغان بولغاچقا، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى. سېناتتىكى ھەممەيلەن ئۇ قارارغا قوشۇلۇپ ئاۋاز بەردى. ئەمما ئاۋاز بېرىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، كىشىلەر ھاياجانلىرى پەسكويغا چۈشكەندە، يىغىن زالى بىردىنلا سۈكۈتكە چۆمدى. كىشىلەر گويا بىز زادى نېمە قىلىپ قويدۇق، سكىپوغا بولغان ئامراقلىقىمىز دۆلەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇشتەك ئاقىلانىلىقىمىز ئۈستىدىن غالىب كېلىپ قالدىمۇ قانداق؟ دەپ ئۆز ـ ئۆزىدىن سوراۋاتقاندەك قىلاتتى. گەرچە قارار چىقىرىلىپ بولغان بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭ ياشلىقىغا بولغان ئۆكۈنۈش ساقلىنىپ قالدى.

شۇنداق، سكىپو ئىسپانىيەگە بېرىپ ۋەزىپىنى

تاپشۇرۇۋالغاندا، ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى تالانتى تېخى كىشىلەرگە ئايان ئەمەس ئىدى.

## ئىسپانىيەدە بېسىلغان تۇنجى قەدەم

سكىپو ئىسپانىيەگە بېرىپلا كارتاگو قوشۇنلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەتقىق قىلدى. ئۇ كارتاگونىڭ ئىسپانىيەدىكى ئاساسلىق ھەربىي كۈچىنىڭ ئۈچ ئىكەنلىكىنى بايقىدى: بىرىنچى، ماگو باشچىلىقىدىكى قوشۇن، بۇلار ئىبېرىيە يېرىم ئارىلىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى كادرىستا تۇراتتى؛ ئىككىنچى، خاننىبالنىڭ ئىنىسى خاسدرۇبال يېتەكچىلىكىدىكى قوشۇن، يېرىم ئارالنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تاگۇس دەرياسىنىڭ باشلىنىش ئېقىنىدا تۇراتتى؛ ئۈچىنچى، گېسكا يېتەكچىلىكىدىكى قوشۇن، بۇلار ئاتلانتىك ئوكيان قىرغىقىدىكى تاگۇس دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزىدا تۇراتتى. بۇلار خۇددى ئۈچ پۇتلۇق داڭقاننىڭ پۇتىغا ئوخشاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، قايسىبىر تەرەپ زەربىگە ئۇچرىسا، قالغانلار دەرھال ئامبۇر شەكلىدە قورشاپلا دۈشمەننى يوقىتاتتى.

ئەمما، بۇ قوشۇننىڭ مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا، خاننىبالنىڭ كارتاگودىكى سىياسىي رەقىبلىرىنىڭ ئىدىيەسىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلگەنىدى، چۈنكى ئۇلار خاننىبالنىڭ ئىنىلىرىنىڭلا پۈتكۈل ئىسپانىيەنى تىزگىنلىشىگە يول قويمايتتى، ئۇ يەرنى شەخسنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشقا ئۇنىمايتتى. بىراق زېرەك سكىپو دەرھاللا مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش يېرىم ئارالنىڭ شەرقىي قىرغىقىنى رىم دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئالدىغا تونگۇز تۇمشۇقىدەكلا چىقىرىپ قويغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى، ئىسپانىيەدىكى مەركىزىي شەھەر يېڭى كارتاگو مانا مۇشۇ

تۇمشۇقتا ئىدى. ناۋادا يېڭى كارتاگوغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىنسا، ئۈچ تەرەپتىكى قوشۇننىڭ بۇ يەرگە كېلىشىگە ئوخشاشلا 10 كۈن ۋاقىت كېتەتتى.

بۇ خۇدانىڭ سكىپو ئۈچۈن ئاساس سېلىۋېلىشقا بەرگەن پۇرستى ئىدى.

شۇڭا ئۇ يېڭى كارتاگو ئەتراپىدىكى ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتىپ، يېڭى كارتاگونى پەقەت ماگوننىڭ 1000 ئەسكىرى قوغداۋاتقانلىقى، شەھەردە نۇرغۇن ماددىي ئەشيا بارلىقىنى، كارتاگوننىڭ ئىسپانىيەلىك ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ، تۇتقۇنلىرىنىڭمۇ مۇشۇ شەھەرگە قامالغانلىقىنى ئىگىلىدى. بۇ ئافرىقىغا ناھايىتى يېقىن بولۇپ، دېڭىز ئارمىيەسى قورۇقلۇققا چىقىدىغان پورتمۇ بار ئىدى...

ئىگىلىگەن ئەھۋالغا ئاساسەن، سكىپو يېڭى كارتاگو شەھىرىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كاتتا پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. بىراق پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىش باشلاشتىن ئىلگىرى ئۇنى مۇتلەق مەخپىي تۇتۇش كېرەك ئىدى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 209 ـ يىلى، سكىپو سادىق دوستى لەيلىئۇسنى بىر دېڭىز قوشۇننى باشلاپ، يېڭى كارتاگوننىڭ شىمالىدىكى ئىبرو دەرياسىدىن مەخپىي يوسۇندا يولغا چىقىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى 25 مىڭ پىيادە، 2500 ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ قورۇقلۇقتىن يېڭى كارتاگوغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ يەتتە كۈندە 460 كىلومېتىر يولنى بېسىپ بولدى. مۇنداق تېز سۈرئەت ئۇنىڭ بىر پۇختا ھېسابىنىڭ نەتىجىسى ئىدى — سەپەرگە چىققانلىق خەۋىرى ئاشكارىلىنىپ قالغان تەقدىردە، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەن تەڭ يولغا چىققان بولسىمۇ، ئۇ دۈشمەندىن ئۈچ كۈن بۇرۇن يېڭى كارتاگوغا يېتىپ بارالايتتى، ئۇنىڭ پىلانىدا، بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلىشقا ئىككى كۈن يېتەرلىك ئىدى.

يېڭى كارتاگو شەھىرىنى خانىبالنىڭ يېزنىسى خاسدرۇبال سالدۇرغان بولۇپ، ئىسپانىيە يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى بىر دېڭىز قولتۇقىغا جايلاشقانىدى. شەرق تەرىپى چوڭ قورۇقلۇققا تۇتىشىدىغان بوغۇز، جەنۇب تەرىپى دېڭىز، شىمال تەرىپى ھالقا شەكلىدىكى مارجان كۆل، غەرب تەرىپى دېڭىز بىلەن مۇشۇ مارجان كۆلنى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن ياسالغان ئۆستەڭ ئىدى. سكىپونىڭ رازۋېدكىچىلىرى يەرلىك بېلىقچىلاردىن ھەر كۈنى كۈن ئولتۇرۇپ ئاي كۆتۈرۈلىدىغان چاغدا كۆل سۈيىنىڭ پەسلەيدىغانلىقى، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ كېچىپ ئۆتەلەيدىغانلىقى، سۇنىڭ ئاران تىزغا كېلىدىغانلىقىنى بىلگەنىدى.

سكىپو يېڭى كارتاگوغا يەتكەن تۇنجى كۈنى شەرق تەرەپتىكى قورۇقلۇقتا ناھايىتى ئېگىز قاشا ياسىدى، بۇنىڭدىن مەقسەت، ياردەمگە كەلگەن كارتاگو قوشۇنلىرىنى توسۇش ئىدى. ئاندىن ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. شەھەرنىڭ دېڭىز قىسمىدا ھېچقانداق مۇداپىئەسى بولمىغاچقا، لەيلىمىئۇسنىڭ دېڭىز قوشۇنىمۇ قورۇقلۇقتىكى جەڭگە قاتناشتى. يېڭى كارتاگو شەھىرىنى قوغداۋاتقان قىسىملار ۋە ياش يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى شەرق تەرەپكە يۆتكەلگەنىدى، شۇڭا كۈندۈزلۈك ھۇجۇمنىڭ ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى. ئەمما تۈن يېرىم بولغاندا، سكىپونىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ۋە پىيادە ئەسكەرلىرى قىلچە شەپە چىقارماستىن سۇنى كېچىپ ئۆتۈپ، يېڭى كارتاگو شەھىرىنى بىر يولىلا ئىشغال قىلدى.

يېڭى كارتاگونىڭ قولدىن كەتكەنلىكى ئۈچ قوشۇننىڭ بارگاھىغا يېتىپ بارغاندا، كارتاگونىڭ گېنېراللىرى پەقەت ئېغىر خورسىندى، خالاس.

## «ئەسكەرلىرىم مېنى ‹گېنېرال› دەپ ئاتايدۇ»

شەھەردىكى ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ 300 نەپەر «تۇتقۇنى»نى بىر تەرەپ قىلىش سكىپوغا ئۆزىنىڭ «سىياسىي بىرلىك سەپ» ماھارىتىنى نامايان قىلىشقا ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەردى. كەڭ تارقالغان ئۈچ ھېكايە ئۇنى ئىسپانىيەدە ئالقىشقا سازاۋەر كىشىگە ئايلاندۇردى.

بىرىنچى ھېكايە، سكىپونىڭ بۇيرۇقى بىلەن تۇتقۇنلار ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. تۇتقۇنلار ئارىسىدىكى بىر موماي ياش تۆكۈپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، ئاياللارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى تەلەپ قىلىدۇ. ياش سكىپو ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەي گۇمانغا چۈشىدۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى موماي: «ئەگەر سىز مېنىڭ ئۇلار ئورنىدا سىزدىن بىخەتەرلىكنى قوغداشنى ئۆتۈنۈشۈمنى ئاز - تولا ئورۇق - تولۇك ئۈچۈن دەپ قارىغان بولسىڭىز، مەقسىتىمنى خاتا چۈشەنگەن بولىسىز» دەيدۇ. سكىپو مومايىنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە قارايدۇ. ئۇنىڭ كۆزى قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ چىرايلىق مەلىكىلىرى ۋە ناخشا - ئۇسسۇلچىلىرىغا چۈشكەندە، ئۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتىدۇ - دە، دەرھال ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى ئۇلارنى قوغدىۋېتىش ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. سكىپو ئۇلارغا بۇيرۇق قىلىپ: «ئۇلارغا خۇددى ئۆزۈڭلارنىڭ سىڭىللىرى ۋە قىزلىرىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىڭلار» دەيدۇ.

ئىككىنچى ھېكايە، يېڭى كارتاگو شەھىرى ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، سكىپونىڭ بىر ئەسكىرى ئۇنىڭغا قول قىلىپ بېرىش ئۈچۈن رەسىدە بولغان گۈزەل بىر ئىسپانىيەلىك قىزنى ئېلىپ كېلىدۇ. سكىپو بۇ ئەسكەرگە، ئەگەر مەن بىر پۇقرا بولغان بولسام، مۇنداق سوۋغىنى ئالاھىدە ياقتۇرغان

بولاتتىم، ئەمما مەن بىر گېنېرال، شۇڭا مۇنداق سوۋغىنى قوبۇل قىلالمايمەن، دەيدۇ. كېيىن ئۇ بۇ قىزنىڭ كېلىت قەبىلىسىدىكى بىر ياش ئاقسۆڭەكنىڭ مەھبۇبى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئادەم ئەۋەتىپ ئۇ يىگىتنى چاقىرىپ كېلىدۇ ۋە قىزنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. يەنە قىزنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قىزنىڭ ئاتىسى ئېلىپ كەلگەن پۇلنىمۇ ئۇ ئىككىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ھېلىقى يىگىت سكىپوغا 400 كېلىتلىق ئاتلىق ئەسكەرنى ئەكېلىپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى ھېكايە، بۇنىڭدا بىر ياش ئەسىرنىڭ ۋەقەسى سۆزلەنگەن. ئۇ ئەسىر ئەسلىدە خاننىبالنىڭ ئىتتىپاقداش قوشۇنىدىن بولۇپ، ئافرىقىدىكى نومېدىيە پادىشاھىنىڭ نەۋرىسى ئىكەن. ئۇ تاغىسىغا ئەگىشىپ ئىسپانىيەگە كەلگەن. بىراق ياش بولغاچقا جەڭگە قاتناشتۇرۇلمىغان. يېڭى كارتاگونى قوغداش جېڭىدە، ئۇ ئوغرىلىقچە قورالغا ئىگە بولۇپ، ئاتقا مىنىپ سكىپوغا قارشى جەڭگە ئاتلانغان. بىراق بەختكە قارشى ئېتى يارىلىنىپ ئاتتىن يىقىلىپ ئەسىر بولۇپ قالغان. سكىپو ئۇنىڭ كەچۈرمىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئالتۇن رەڭ بولاپكا قادالغان رىمچە جۇۋا ۋە بىر ئېسىل ئات تەقدىم قىلىپ، ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشنى بۇيرۇغان. قانچىلىك ئۇزاققىچە ئاپىرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلسا، شۇ يەرگىچە ئاپىرىپ قويۇڭلار، دەپ تاپىلىغان.

سكىپونىڭ ئادىمىيلىك پەزىلىتى ۋە سىياسىتىنىڭ كۈچى ئىسپانىيەنىڭ كەڭ زېمىنىدا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. بۇ يەردە كىشىلەر ھاكاۋۇر كارتاگولۇقلارغا ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى. ئىتتىپاقداش قوشۇنلار ئۆز قوشۇنلىرىنى كارتاگو قوشۇنلىرىنىڭ گازارمىلىرىدىن ياندۇرۇپ چىقىپ، بىخەتەر جايغا يۆتكەپ، ئاندىن سكىپو بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. ئۇلار سكىپونى

«پادىشاھ» دەپ ئاتاشتى. ئۇ مۇنداق ئاتاشنى رەت قىلىپ:
— «پادىشاھ» دېگەن مۇنداق نامنى رىم جۇمھۇرىيىتىدە كىشىلەر قوبۇل قىلالمايدۇ. مېنىڭ ئەڭ ئالىي ئۇنۋانىم سەركەردە، ئەسكەرلىرىم مېنى «گېنېرال» دەپ ئاتايدۇ، — دېدى.

## ئافرىقىغا مەخپىي سەپەر قىلىش

ئۈچ يىللىق جەڭ ئارقىلىق سكىپو بىكو، ئىرىبا ۋە ئىبېرو دەرياسى ئۇرۇشلىرىدا غەلىبە قىلىپ كارتاگولۇقلارنى ئىسپانىيەدىن قوغلاپ چىقاردى. شۇنداقلا ئۇ مۇشۇ مەزگىلدە شىمالىي ئافرىقىدىكى نومىدىيە پادىشاھلىقى بىلەن كارتاگوغا قارشى ئىتتىپاق تۈزدى.

سكىپونىڭ نومىدىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى ئىسپانىيەدىكى كارتاگو قوشۇنلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈنلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى، ئىسپانىيەنى بازا قىلىپ تۇرۇپ ئۇرۇشنى ئافرىقىغا تۇتاشتۇرۇش، كارتاگونى ئۇزۇل - كېسىل بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدىكى، ئىتالىيەدە ئەمەس، بەلكى پەقەت كارتاگودىلا خاننىبالنى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلغىلى بولاتتى. ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى ئۇ كارتاگونىڭ زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرمىسە بولمايتتى.

مۇشۇنداق مەقسەت تۈپەيلى، ھەربىي ۋاستە بىلەن ئەمەس، بەلكى تىنچلىق، دىپلوماتىيە ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئافرىقا دۆلەتلىرىگە مۇئامىلە قىلىش ئۇنىڭ ئىستراتېگىيەسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى. شۇڭا ئۇ يېڭى كارتاگو شەھىرىنى بويسۇندۇرۇشتىن ئىلگىرىلا ئافرىقىغا بىر نۆۋەت مەخپىي سەپەر قىلغانىدى.

شۇ چاغدا نومېدىيە ماشىنىسسا پادىشاھلىقىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغانىدى. ماشىنىسسا نومېدىيە پادىشاھىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىك پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، نومېدىيەنىڭ نۇرغۇن زېمىنىنى يۇتۇۋالغانىدى. بۇ ھەرىكەت نومېدىيە خەلقىنىڭ ۋە باشقا كىنەز، تۆرىلەر ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغانىدى.

ئافرىقىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقان بىر گېنېرال ئۇچۇن ئېيتقاندا، مەيلى قايسى تەرەپتىن ئېيتقاندا بولسۇن، نومېدىيەلىك كىنەز سىفاكىس ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئەرباب ئىدى. ئۇ ئىسپانىيەگە تۇتاش كەڭ زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلاتتى، بۇ يەر ئىسپانىيەدىن كارتاگوغا ھۇجۇم قىلىشتىكى مۇقەررەر ئۆتىدىغان جاي ئىدى. ئۇ ئۇزۇن مۇددەت كارتاگو بىلەن ئىتتىپاقداش بولغاچقا، كارتاگونىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلەتتى. شۇڭا ئۇ سكىپو قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلاپلا كېلىۋاتقان ئادەم ئىدى.

بۇ يەردە مۇنداق بىر كېلىشمەسلىك بولدى. سكىپو غالىپلىق سالاھىيىتى بىلەن دېڭىزدىن ئۆتۈپ نومېدىيەگە كەلگەندە، جەڭدە مەغلۇپ بولغان گېسكامۇ بۇ يەرگە كەلگەنىدى. بىر ـ بىرىگە دۈشمەن دۆلەتلەرنىڭ بۇ ئىككى گېنېرالى بىرلا ۋاقىتتا سىفاكىس بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغانىدى. سىفاكىس نائىلاجلىقتا ئىككىيلەننى بىرلا ۋاقىتتا قوبۇل قىلدى. كۆرۈشۈش داۋامىدا، سىفاكىس ئىككى تەرەپنى تىنچ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە دەۋەت قىلدى، بىراق غەلىبە قىلغان سكىپو ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. زىياپەت جەريانىدا سكىپودا ئىپادىلەنگەن پەزىلەت ۋە مەردانە سۆزلەر دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسىدە تۇرغان گېسكانى قايىل قىلدى. ئۇ ئاشكارا ھالدا سكىپونىڭ سۆھبەتتە ئېرىشكەن نەتىجىسىنىڭ جەڭگاھتا

ئېرىشكەن غالىبىيىتىگە قارىغاندىمۇ ئادەمنى قايىل قىلىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. ئۇ كۆڭلىدە سىفاكىس پات ئارىدىلا رىملىقلارغا بويسۇنىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلدى.

راست دېگەندەك، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي سكىپو نومىدىيەلىكلەرگە ياردەم قىلىپ، ماشىنىسسا ئىگىلىۋالغان كەڭ زېمىننى نومىدىيەگە ئېلىپ بەردى ھەمدە نومىدىيە بىلەن كارتاگوغا قارشى ئىتتىپاق تۈزدى.

ھەربىي نۇقتىدىن ئالغاندا، سكىپونىڭ ئافرىقىغا يۈرۈش قىلىش يولى ئېچىلغانىدى. ئەمما ئۇنىڭغا ئايان ئىدىكى، رىمدا ئۇنىڭغا نىسبەتەن توسقۇنلار يەنىلا مەۋجۇت ئىدى.

## تەنتەنىسى بولمىغان «غەلىبە»

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 205 ـ يىلى خانىبال قىستىلىپ ئىتالىيەنىڭ ئەڭ جەنۇبىي چېتىگە بېرىپ قالدى. ئۇ ياردەمچىسىز، يەككە ـ يېگانە ئىدى. مۇشۇ چاغدا، سكىپو كارتاگونىڭ مۇستەملىكىسى بولغان پۈتكۈل ئىسپانىيەنى بويسۇندۇرۇپ ئىتالىيەگە قايتىپ كەلدى.

سكىپو سېناتتىن «تەنتەنە مۇراسىمى» ئۆتكۈزۈپ ئۆزلىرىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى قارشى ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما رىمنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن، ھۆكۈمەتتە يۇقىرى مەنسەپتە بولمىغان كىشى مۇنداق كۆتۈۋېلىشتىن بەھرىمەن بولالمايتتى. ھازىرغا قەدەر سكىپونىڭ «سەركەردە» دېگەن ئۇنۋانى پەقەت ۋاقىتلىق نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭ رەسمىي ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش خاتىرىسىدە يېزىلغان ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋان «مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى» ئىدى. سېنات ھەممە ئىشنى قانۇن بويىچە بېجىرەتتى. شۇڭا سىياسىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن

سكىپونىڭ تەلىپى رەت قىلىندى.

ئەمما، شۇ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن پۇقرالار سايلىمىدا، سكىپو تولۇق ئاۋاز بىلەن ھۆكۈمدارلىققا سايلاندى. تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەر يىغىن زالىغا تولۇپ كەتكەنىدى. ھۆكۈمدارلىققا سايلانغاندا، ئادەت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان تاۋاپ پائالىيىتىدىمۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا سان ـ ساناقسىز ئادەم ئەگەشكەنىدى. كىشىلەرنىڭ مۇشۇنچىۋالا قىلىشىدىكى مەقسەت، سكىپونى بىرلا كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئىزا ـ ئاھانەتكە ئۇچراپ كەلگەن رىملىقلارنى باش كۆتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى. ئۇ توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ئۇنى بىر يېڭى «ئىلاھ» قا ئايلاندۇرۇۋاتاتتى.

سكىپو قۇرۇق شۆھرەت بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىدى. ئۇ: «مېنىڭ ھۆكۈمدارلىققا سايلىنىشىم ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن» دېدى.

ھالبۇكى، ئۇنىڭ كارتاگوغا يۈرۈش قىلىش تەكلىپىنى سېنات رەت قىلدى. بۇ تەكلىپكە قارشى تۇرغۇچى باشقا كىشى ئەمەس، بەلكى 60 ياشقا كىرىپ قالغان، يۇقىرى ئىناۋەتلىك فابىئۇس بولدى.

— سكىپونىڭ ھۆكۈمدارلىققا سايلىنىشى جۇمھۇرىيەت ئۈچۈن، كۆپچىلىك ئۈچۈن، — دېدى ئۇ، — ئۆزى ئۈچۈن ياكى ئۇنىڭ مەقسىتى ئۈچۈن ئەمەس. بىزنىڭ قوشۇن بەرپا قىلىشىمىز رىم ۋە ئىتالىيەنى قوغداش ئۈچۈن، ھۆكۈمدارنىڭ مەغرۇر ھالەتتە ئەسكەرلەرنى ئۆزى خالاپ تاللىغان بىرەر يەرگە ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئەمەس.

فابىئۇسنىڭ سۆزى سېناتتىكى كۆپلىگەنلەرنى تەسىرلەندۇردى.

سكىپو بۇ ۋاقىتتا ئورۇنلۇق سۆزلىرى بىلەن سىناتتىنكىلەرنى قايىل قىلدى:

— راست، خانىبال ھىلىھەم ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇ رىم قوشۇنى بىلەن ئۇزاققىچە تىركىشىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ رىم ئۈچۈن بىر يۈرەك ئاغرىقى. مەن بۇ يەردە ئولتۇرغان بارلىق سىناتلارغا ئوخشاشلا پەقەت مۇشۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىشنى ئويلايمەن. شۇنداق ئىكەن، بۇ ھالەتنى قانداق قىلغاندا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؟ مېنىڭچە، ئافرىقا زېمىنىغا ھۇجۇم قىلغاندىلا ئاندىن كارتاگو ھۆكۈمىتى خانىبالنى چاقىرتىۋالىدۇ. بىز بارىگاھلىرىمىزنى كارتاگو شەھىرى ئەتراپىغا قۇرغاندىلا، رىم ئاندىن ئاياغ ئاستى بولۇشتىن قۇتۇلىدۇ... — ئۇ ئاخىرىدا مۇنۇلارنى قوشۇمچە قىلدى، — شۇنچە ئۇزۇن يىل ئاياغ ئاستى بولغان ئىتالىيەنى خاتىرجەم قىلايلى، ئۇرۇش ئوتىنى ئافرىقىغا تۇتاشتۇرايلى، ئۇنى جازالايلى.

ئۇنىڭ سۆزى يوللۇق ئىدى. سىنات ئاخىر مۇنداق مۇرەسسە قىلدى: ۋەزىپىنى ئىككىگە بۆلۈش. بىرەيلەن سىتسىلىيەدىكى 30 ھەربىي كېمىگە قوماندانلىق قىلىش. بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغۇچى ئەھۋالغا قاراپ ئافرىقىغا بېرىش مەسىلىسىنى قارار قىلسا بولىدۇ. يەنە بىرەيلەن رىم ئارمىيەسىگە قوماندانلىق قىلىپ، ئىتالىيە زېمىنىدا خانىبال بىلەن داۋاملىق جەڭ قىلىش.

سىنات ئىككى ھۆكۈمدارغا چەك تارتقۇزدى، سكىپو كۆتكىنىگە يەتتى، ئۇ سىتسىلىيەگە بېرىپ تۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى، سكىپوغا ئايان ئىدىكى، ھازىرقى ئەسكىرىي كۈچ بىلەنلا دېڭىزدىن ئۆتۈپ جەڭ قىلىش ۋە غەلىبە قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ياردەم تەلەپ قىلىۋىدى، تەلىپى رەت قىلىندى. ئەمما ئۇ ھەرگىز مەيۇسلەنمىدى. ئۇ بىلەتتىكى، بۇ پېشقەدەم

گېنېراللار ئالدىدا، زادىلا چىقىشالمايدىغان سىياسىي رەقىبلەر ئالدىدا، پەقەت ئىغىزغىلا تايىنىپ ھېچنېمىگە ئىگە بولغىلى بولمايتتى.

بىردىنبىر ئۈمىد ئۆزى شارائىت يارىتىش ئىدى.

## سىتسىلىيەدە تۇرۇپ كارتاگوغا نەزەر سېلىش

سكىپو ئۆزى باشقۇرىدىغان ئۆلكىگە ــ سىتسىلىيەگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئىسمى بار، ئەمما تۇزۇك جىسمى يوق ئىككى كورپۇسنى ــ كەننى ئۇرۇشىدا قېچىپ قالغان مەغلۇبىيەتچىلەردىن تەشكىللەنگەن قوشۇننى ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇنداقلا زور كۈچ بىلەن ئەسكەر قوبۇل قىلىپ قوشۇننى تولۇقلاپ، مەشىقنى جىددىيلەشتۇرۇپ، ئۇرۇش تەييارلىقىنى تېزلەتتى. ئۇرۇنباسارىنى دېڭىزدىن ئۆتۈپ، كارتاگونىڭ شىمالىدىكى دېڭىز بويى رايونلىرىغا كىرىپ يەر شەكلى، دۈشمەن ئەھۋالى، خەلقنىڭ رايىنى بىلىشكە، تەمىنلەش خىزمەتلىرىنى قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى ئەينى چاغدا ھامىركا ۋە خانىبالنىڭ ئىسپانىيەدە قىلغانلىرى بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىدى. ناھايىتى قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە، سكىپو 7000 پىدائىيغا ئىگە بولدى، يېڭىدىن 30 ھەربىي كېمە ياسىدى. بۇنىڭغا كېتىدىغان بارلىق خىراجەتنى ئىتالىيەنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدىن ھەل قىلدى، رىم خەزىنىسىدىن بىر تەڭگىمۇ ئىشلەتمىدى.

سكىپو سىتسىلىيەدىكى ۋاقتىدا، سىياسىي دۈشمەنلىرىدىن كېلىدىغان توسالغۇنى تازىلاش ئۈچۈن نومېدىيەنىڭ ئەلچىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ ئاشۇ ئەلچىدىن سىفاكىسنىڭ گېسكانىڭ چىرايلىق قىزى سوفۇنىسبا بىلەن توي قىلغانلىقىنى، رىم بىلەن تۈزۈشكەن شەرتنامىنى بىكار قىلغانلىقىنى ئاڭلىدى. بۇ بۇندىن

كېيىنكى ھەرقانداق جەڭدە ئۇنىڭ كارتاگولۇقلار تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، سكىپو دەرھاللا ھەرىكەت قوللاندى. ئۇ يېقىن دوستى لەيلىئۇسنى ئەلچى قىلىپ سىفاكىسنىڭ رەقىبى ماشىنىسسا قېشىغا ئەۋەتتى. ماشىنىسسامۇ ئەسلىدە نومىدىيەنىڭ بىر شاھزادىسى ئىدى، بۇرۇن ئىسپانىيەدە سكىپو بىلەن كۆرۈشكەن ھەمدە سىپنى قوللايمەن دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. گەرچە ئۇنى مۇشۇ چاغدا كارتاگو ۋە سىفاكىسلار بىرلىشىپ ئۆز دۆلىتىدىن قوغلاپ چىقارغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ رىم ئۈچۈن ھامان قىممەتكە ئىگە ئىدى.

مۇشۇ سەپەر ئارقىلىق، لەيلىئۇس ماشىنىسسا بىلەن بىر پۇختا كېلىشىم تۈزدى. مۇشۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، ماشىنىسسا سكىپونى چوڭ كۆلەملىك بولمىسىمۇ، ئەمما باتۇر، جەڭگە ماھىر ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنى بىلەن تەمىنلىدى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 204 ـ يىلى باھاردا، سكىپو 28 مىڭ (بۇنىڭ ئىچىدە ئاتلىق ئەسكەر 2000) ئەسكەرنى باشلاپ، 400 تىرانسپورت كېمىسىگە ئولتۇرۇپ، 40 ئۇرۇش كېمىسىنىڭ ھىمايىسىدە سىتسىلىيەنىڭ غەربىدىكى لىبىئۇمدىن يولغا چىقىپ، كارتاگونىڭ شىمالىدىكى فارىنا تۇمشۇقىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى.

## ئۇرۇش ئوتىنى ئافرىقا زېمىنىغا تۇتاشتۇرۇش

سكىپو ئافرىقىغا قاراپ يولغا چىققان چاغلاردا قابىلىيەتلىك بىر ھەربىي بولۇپ قالغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ گېنېرال ۋە بىرىنچى دەرىجىدىكى سەركەردە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ

تۇرلۇك ئۇرۇش پىرىنسىپلىرىنى، بولۇپمۇ بېكىتىلگەن نىشاندا چىڭ تۇرۇش، ھەرىكەتچانلىقنى ساقلاش ھەمدە كۈچنى تېجەش قاتارلىق پىرىنسىپلارنى ناھايىتى ئوبدان چۈشەنگەنىدى. ئۇ بىر تۇغما رەھبەر ئىدى. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئۇ ھامان بارلىق مۇمكىنچىلىكلەردىن پايدىلىنىپ تولۇق تەييارلىق قىلاتتى.

سكىپو قۇرۇقلۇقتا غەلىبىلىك چىققاندىن كېيىنلا كارتاگوننىڭ ھەمراھ شەھىرى ئۇتىكاغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى.

كارتاگو شەھىرى تۇنىس قولتۇقىدا، فارىنا ۋە بان تۇمشۇقىنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى. ئۇنىڭغا ھەمراھ شەھەر ئۇتىكا بولسا فارىنا تۇمشۇقىغا يېقىن بولۇپ، كارتاگو شەھىرىنىڭ شىمال تەرىپىدە ئىدى.

سكىپو ھايت ـ ھۇيت دېگۈچىلا ماشىنىسا باشچىلىقىدىكى 200 نومىدىيەلىك ئاتلىق ئەسكەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. ئۇتىكانىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە، بۇ قوشۇن گېنېرال خاننوئانىڭ باشچىلىقىدىكى بىر كارتاگو قوشۇنىنى ئالداپ سكىپو قۇرغان بۆكتۈرمە تورىغا چۈشۈردى، بۇنىڭ بىلەن سكىپو ئۆزىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن بۇ قوشۇننى تەلتۆكۈس يوقاتتى. شۇندىن كېيىن، سكىپو ئۇتىكانى ئىشغال قىلىشقا ئۇرۇندى، ئەمما ئۇ شەھەرنىڭ مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى ناھايىتى پۇختا بولغاچقا، ئۇ ھەر خىل ھۇجۇم ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ باققان بولسىمۇ شەھەرنى ئىشغال قىلالمىدى.

رىملىقلار ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، كارتاگو دائىرىلىرى ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلىپ، دەرھاللا 20 مىڭ پىيادە، 7000 ئاتلىق ئەسكەر ۋە 140 جەڭ پىلىنى جەم قىلدى. گېسكاننىڭ يېتەكچىلىكىدىكى بۇ قوشۇن ئۇنىڭ ئىتتىپاقدىشى ھەم كۈيۈ ئوغلى سىفاكسنىڭ قوشۇنى بىلەن قوشۇلۇپ، جەمئىي 50 مىڭ پىيادە، 10 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بولۇپ قايتۇرما

ھۇجۇمغا ئۆتتى. سكىپو ئەسكەرلىرىنىڭ ئازلىقىنى، ئۇتىكانى ئىشغال قىلالمىغانلىقى ھەم ياردەمچى قوشۇنلارنىڭ زەربىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، قورشاۋ — ئۇتىكادىن چېكىندى. ئۇ ئۇتىكانىڭ شەرقىدىكى بىر كىچىك ئارالدا بارىگاھ قۇرۇپ قىشنى ئۆتكۈزمەكچى بولدى.

قىش پەسلىدە، كارتاگو سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالاشنى تەكلىپ قىلدى. سكىپو بۇ يەردە بىر پۇرسەت بارلىقىنى ھېس قىلىپ سۆھبەتلىشىشكە قوشۇلدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن، سۆھبەت ۋاقتىنى مەقسەتلىك سوزسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەلچىلەرنى ۋە رازۋېدكىچىلارنى ئەۋەتىپ كارتاگو ئارمىيەسىگە دائىر ماتېرىياللارنى توپلىدى ھەم ئەسكەر، قورال يۆتكەشنى جىددىيلەشتۈردى. ئۇلار كېمىلەرگە ھۇجۇم قوراللىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇتىكا شەھىرىنى قامال قىلدى، ئاشلىق، ماددىي ئەشيا ھازىرلاپ، ئۇرۇشقا تەييارلاندى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 203 ـ يىلى باھاردا، سكىپو بارلىق تەييارلىقىنى تاماملىدى. كارتاگولۇقلار بىلەن كېلىشىم ئىمزالىغان كېچىسى كارتاگولۇقلارنىڭ ئىككى بازىسىغا ھۇجۇم قىلدى. رىملىقلار گېسكانىڭ قوشۇنىنى قورشىۋالدى، ئىتتىپاقداش ماسىنىسسانىڭ قوشۇنلىرى ئوت قويۇش ئۇسۇلى بىلەن سىفاكىسنىڭ بازىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى.

سىفاكىس قوشۇنىنىڭ بارگاھلىرى ئاسان ئوت ئالىدىغان قومۇش قاتارلىقلاردىن ياسالغانىدى. ئۇلار رىملىقلارنىڭ مۇنداق تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىغا ھېچقانداق تەييارلىق كۆرمىگەنىدى. ئۇيقۇدىن ئويغانغان ئەسكەرلەر بارگاھلارنىڭ ئوت دېڭىزىغا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ قوراللىرىنى ئىزلەشتى. ئەمما ھەممە ياق ۋاڭ ـ چۇڭغا تولغاچقا، قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىنىمۇ ئاڭلىيالمىدى، قوماندانمۇ زادى نېمە ئىش

بولغانلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. نۇرغۇن ئەسكەر بارگاھىنىڭ سىرتىغا قاچتى، ئۇ يەردە ئۇلارنى رىملىقلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى قىرىۋەتتى. زىيان ناھايىتى زور بولدى.

جېشكانىڭ قوشۇنلىرى سىفاكىسنىڭ بارگاھىدىكى ئوتنى كۆرۈپ، تاسادىپىي ئوت كەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاشتى. چۈنكى ئۇلار قاراڭغۇ چۈشۈشتىن ئىلگىرىلا ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى رىم قوشۇنلىرى بارگاھىنىڭ جىمجىت ھالەتتە ئىكەنلىكىنى، غەيرىي ئەھۋال يوقلۇقىنى كۆرگەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى بايىلا كېلىشىم ئىمزالانغانىدى. شۇڭا ئۇلار قارارگاھىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ، سىفاكىسنىڭ ئوت ئۆچۈرۈشكە ياردەملىشىشكە يۈگۈردى. دەرۋازا سىرتىدا ساقلاپ تۇرغان رىم ئەسكەرلىرى سكىپونىڭ باشچىلىقىدا مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ھۇجۇمغا ئۆتتى ـ دە، گېسكانىڭ قارارگاھىغا تېزلا بۆسۈپ كىردى. شۇنداق قىلىپ ئىككىلا قوشۇن زەربىگە ئۇچرىدى، تەخمىنەن 40 مىڭچە ئادەم كۆيۈپ ئۆلدى ۋە ئۆلتۈرۈلدى، 5000 ئادەم ئەسىرگە چۈشتى، يەنە نۇرغۇن ئات، جەڭ پىلى غەنىيمەت ئېلىندى.

سكىپو ئارقىدىنلا قوشۇن جۇغلاپ ئۇتىكا شەھىرىنى قورشاشقا تەييارلاندى. ھالبۇكى، ئاران جېنىنى ئېلىپ قېچىپ چىققان سىفاكىسنىڭ جەڭدىن رايى قايتقانىدى. ئەمما ئۇنىڭ خوتۇنى سوفونىسبا كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ ئۇنى قايىل قىلدى، ئۇ قېيىنئاتىسى ۋە سۆيۈملۈك خوتۇنىنىڭ دۆلىتىنىڭ رىمنىڭ ئوتلىرىغا يەم بولۇپ كېتىشىگە قاراپ تۇرالمايتتى. شۇڭا ئۇ گېسكا بىلەن كۆرۈشۈپ، قوشۇن توپلاپ قايتا جەڭ قىلىشقا تەييارلاندى. سكىپو بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر بۆلەك قوشۇننى داۋاملىق ئۇتىكانى قورشاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى بىر كورپۇس ۋە ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، خاننىبال

قايتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى گېسكا بىلەن يەنە بىر جەڭ قىلماقچى بولدى.

سكىپو بىر كورپۇس ۋە ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ جېشكانىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. باگراداس دەرياسى تۈزلەڭلىكىدە بۇ ئىككى قوشۇن ئۇچراشتى. سكىپو ئاتلىق ئەسكەرلەرنى باشلاپ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئالدى بىلەن جېشكانىڭ ئىككى ياندىكى ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى يوقاتتى. ئارقىدىنلا ئوتتۇرىدىكى پىيادە ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى تولۇق يوقاتتى، پەقەت ئاز ساندىكى ئاتلىق ئەسكەرلەرلا قېچىپ قۇتۇلدى. سكىپو ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ئىشقا سېلىپ، دۈشمەننىڭ بارلىق قوشۇنىنى يوقاتتى، مۇنداق تاكتىكا رىم تارىخىدا تۇنجى قوللىنىلغانىدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە جېشكا قۇربان بولدى، سىفاكىس ئەسىرگە چۈشتى. بۇ جەڭدە كارتاگو ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى كۈچلۈك ئىتتىپاقداش قوشۇنىدىنمۇ مەھرۇم قالدى، ئەڭ يارامىلىق ئاتلىق ئەسكەرلەر بازىسىدىن مەھرۇم قالدى.

سكىپو ماشىنىسساغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇ ماشىنىسسانىڭ سىفاكىس تارتىۋالغان بارلىق مۇستەملىكىلىرىدىنىمۇ ماشىنىسساغا ئېلىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن رىم زوررۇر ئاتلىق ئەسكەرلەر مەنبەسىگە ئىگە بولۇپ، خانىبال قايتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى قورالىنى تەييارلىۋالدى.

كارتاگولۇقلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇشى بىلەن كارتاگو شەھىرىدە قورقۇنچ ۋە خاتىرجەمسىزلىك پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن كارتاگو ھۆكۈمىتى سېناتتىكى «تىنچلىقپەرەسلەر»نىڭ رىياسەتچىلىكىدە، بىر تەرەپتىن، رىملىقلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ يارىشىشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن،

ۋەزىيەتنى ئوڭشىۋېلىش ئۈچۈن ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىدىكى خانىد-
بال ۋە پو دەرياسى ۋادىسىدىكى ماگوننىڭ ئارمىيەسىگە قايتىپ
كېلىش پەرمانى چۈشۈردى.

ئەمما سكىپو ئوتتۇرىغا قويغان تىنچلىق سۆھبىتى
شەرتلىرى تولىمۇ ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى كارتاگونى باش
كۆتۈرەلمەيدىغان، پەقەت نام ـ ئاتاقتىكىلا مۇستەقىل
دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئىدى. كارتاگو سېناتى بۇ شەرتلەرنى
قوبۇل قىلدى ھەمدە رىمغا بېرىپ كېلىشىمگە قول قويۇشقا بىر
ئەلچىنى ئەۋەتتى. بىراق خاننىبالنىڭ يېتىپ كېلىشى كارتاگو
ھۆكۈمىتىدىكى «ئۇرۇشپەرەسلەر»نى ئۈمىدكە ئىگە قىلدى. ئۇلار
سكىپو ئوتتۇرىغا قويغان يەر بۆلۈپ بېرىش، تۆلەم تۆلەش
دېگەندەك بىر قاتار شەرتلەرنى رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن
تىنچلىق سۆھبىتى ۋەيران بولدى.

# 7. زامادىكى ھەل قىلغۇچ جەڭ

خاننىبال چېكىنىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سۈيۈملۈك جەڭ ئېتىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 203 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كېچىدە ئىتالىيەدىكى بۇلوتىئۇم شەھىرىنىڭ كروتونى دېگەن يېرىدىن كارتاگوغا قايتىدىغان كېمىگە چىقتى. ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى 20 مىڭچە قوشۇن كارتاگونىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقىدىكى كىچىك لېپتىس دېگەن يېرىدە قۇرۇقلۇققا چىقتى. ئاندىن دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ خادرۇمېتۇمغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ بۇ يەردە لىگۇرىيەدىن دېڭىز ئارقىلىق كەلگەن ماگو قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. ئەمما ئۇنىڭ ئىنىسى كۆرۈنمەيتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئىنىسى قايتىش سەپىرىدىكى بىر قېتىملىق دېڭىز ئۇرۇشىدا قاتتىق يارىلىنىپ، يولدا قۇربان بولغانىدى.

خاننىبال خادرۇمېتۇمدا قوشۇنىنى ئازراق دەم ئالدۇرۇپ تەرتىپكە سالدى ھەمدە كۈرەشكە ئۇچۇن كېلىدىغان نومىدىيەلىك تۆرە تىخائۇسنى ساقلىدى. تىخائۇس ئۇنىڭغا كارتاگولۇق 2000 چەۋەندازنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن خاننىبالنىڭ قوشۇنى تېزدىن تولۇقلاندى. يازنىڭ ئاخىرلىرىغا يەتكەندە، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەسكىرى 40 مىڭغا يەتتى. ئارقىدىنلا خاننىبال شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، كارتاگو شەھىرىگە

يېقىنلىشىپ، كارتاگو شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى سكىپو قوشۇنلىرىغا جەنۇب ۋە شىمالدىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ھالىتى شەكىللەندۈردى.

## ماشىنىسسانىڭ رىشتىنى ئۈزۈۋېتىش

ئۇتىكا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ماشىنىسسا سىفاكىسنىڭ بارلىق يەرلىرى ۋە مال ـ مۈلكىگە ئىگە بولدى. ئۇ مەغلۇپ بولغۇچىنىڭ قەسرىگە كېلىپ، سىفاكىسنىڭ چىرايلىق خوتۇنىنى كۆرگەندە، ئۇ بۇ غەلىبىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندى.

سوفونىسبا ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، ئۆزىنى رىملىقلارغا تاپشۇرۇپ بەرمەسلىكىنى ئۆتۈندى. ماشىنىسسا ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈپ سىماپتەك ئېرىپ كەتتى. ئۇ دەرھاللا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۆلەپ، بۇ ئەسىرنىڭ «ئەسىرى»گە ئايلاندى. ئۇ سوفونىسبانى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولدى، شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ جەڭ غەنىيمەتلىرى قاتارىدا رىمغا ئەۋەتىلىشتىن قۇتۇلۇپ قالاتتى. ئۇ يەردە رىملىقلارنىڭ ئۇنى يۇقىرى باھادا قول قىلىپ سېتىۋېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

رىملىقلارنىڭ قارشى تۇرۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلار ئالدىراپ ـ تېنەپلا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. لەيلىئۇس يېتىپ كەلگەندە خىش قېلىپىدىن چىقىپ بولغانىدى. لېكىن ماشىنىسسا يەنىلا خوتۇنىدىن ۋاقتىنچە ئايرىلىپ، ئالدى بىلەن سكىپو بىلەن تونۇشكەن ۋەدىسىنى ئادا قىلىشقا ماڭدى.

سكىپو بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن ماشىنىسسادىن بەكلا خەۋپسىرەپ قالدى. ئۇ ئۆز قۇدرىتىنىڭ مۇشۇ خوتۇننىڭ كۆچىگە يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەينى چاغدا مۇشۇ خوتۇن پەيدا

بولغاچقا، ئەسلىدە ئۆزى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن سىفاكىس ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنىدى. سكىپو شۇڭا ماشىنىسسانىڭمۇ سىفاكىسنىڭ ئىزىدىن مېڭىشىدىن، ئۆزىنىڭ ئافرىقىلىق ئىتتىپاقدىشىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇمىدسىزلىكىنى ماشىنىسساغا ئوچۇق بىلدۈردى ھەمدە:

— سىفاكىس ۋەتىنىدىن ئايرىلدى، شۇڭا ئۇ ئەر - خوتۇن ئىككىسى رىمنىڭ مال - مۈلكىگە ئايلاندى. ئۇلار رىم خەلقىگە تەئەللۇق، ماشىنىسسانىڭ ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقى يوق، ئۇلار رىم ھۆكۈمىتىگە بويسۇنۇشى كېرەك. شۇڭا ئۇلار رىمغا ئەۋەتىلىشى كېرەك، — دەپ كۆرسەتتى.

سكىپو بۇ توينى ئېتىراپ قىلمىدى. ماشىنىسسا بەكلا بىئارام بولدى. ئۇ ئۆز چېدىرىدا چوڭقۇر ئويلىنىپ ئاخىر بىر قارارغا كەلدى. ئۇ يېڭى خوتۇنىغا بىر رومكا زەھەر ۋە بىر پارچە خەت ئەۋەتتى. خەتتە چۈشەندۈرۈپ، بۇ مېنىڭ ۋەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىم، مەن سىزنى رىملىقلارغا تاپشۇرۇپ بەرمەيمەن دەپ ۋەدە قىلغان، دېدى.

سوفونىسبا يېڭى ئېرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلدى. ئۇنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا قىلغان سۆزى كۈچلۈك ئۆچمەنلىككە تولغان بولسىمۇ، ئەمما غورۇرىنى يوقاتمىغانىدى:

— ئەگەر بۇ مېنىڭ ئېرىم ئەۋەتكەن سوۋغا بولسا، ئۇ ئادەمنى قايغۇغا سالىدىغان سوۋغا بولغان تەقدىردىمۇ قوبۇل قىلىمەن. مەن خۇشال ئۆلىمەن. بىراق مەن بۇنچە تېز ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمنى بىلگەن بولسام، مۇنچىۋالا تېز قايتا توي قىلمىغان بولاتتىم.

## تورازاقا چۆشۈش

خاننىبال شىددەت بىلەن يېتىپ كېلىۋىدى، سكىپونىڭ ھالى ۋاي بولدى. ئۇ ئەسلىدە ئۇرۇش ئاساسەن ئاياغلاشتى دەپ ئويلىغان، نومىدىيەلىك ئىتتىپاقچى قوشۇنمۇ دۆلىتىگە قايتقانىدى. ئۇ ئۆزىگە پايدىسىز ۋەزىيەتتە، بىر تەرەپتىن، ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ ئىتتىپاقداشلىرىدىن ياردەم سورىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كەسكىن تۈردە بىر پىلان تۈزۈپ تەۋەككۈل قىلدى: ئۇ كارتاگو ۋە ئۇتىكا شەھەرلىرىنى قورشاشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، باگراداش دەرياسىنى بويلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇتىكادىكى بازىسىغا بارىدىغان يولىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ بۇ ئارقىلىق ئىككى تەرەپتىن بېرىلىدىغان زەربىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز يېرىگە قايتقان ماسىنىسساغا يېقىنلىماقچى ھەم كارتاگونى ئاساسلىق تەمىنلەيدىغان يولنى ئۈزۈۋەتمەكچى، ئاندىن ياردەمچى قوشۇنلار كەلگەندە، پۇرسەتنى تۇتۇپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلماقچى بولدى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 202 ـ يىلى كۈزدە، سكىپو قوشۇنىنى باشلاپ غەربكە چېكىنىدى. يول بويى يېزا ـ قىشلاقلارنى بۇلاپ ـ تالىدى، ئوت قويۇپ كۆيدۈردى، كارتاگولۇقلار ساراسىمىگە چۈشتى. كارتاگو ھۆكۈمىتى خاننىبالنى قايتا ـ قايتا تەدبىر قوللىنىشقا زورلىدى. ئۇنى سكىپو بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا قىستىدى. شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتقان خاننىبال نائىلاج يولىنى ئۆزگەرتىپ غەربكە قاراپ ماڭدى ھەمدە يۈرۈشنى جىددىيلەشتۈرۈپ، سكىپو قوشۇنلىرىنى قوغلىدى. شۇنداق قىلىپ خاننىبال سكىپو قۇرغان تورازاقا چۈشتى ــ سكىپونىڭ پىلانىدىكى جەڭ قىلىش رايونىغا يېتىپ قالدى.

سكىپو خاننبالنى كارتاگو شەھىرىدىن يىراقتا ئاپىرىپ جەڭ قىلماقچى بولۇشتەك مەقسەتتە يەتكەندىن كېيىن، زاما رايونىدا يەر شەكلى ئۆزىگە پايدىلىق جاينى تاللاپ، خاننبال بىلەن ئېلىشىشقا تەييارلاندى. مۇشۇ چاغدا سكىپونىڭ ئىتتىپاقدىشى ماشىنىسسا 6000 پىيادە، 4000 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن يېتىپ كەلدى، ۋەزىيەت ئۇنىڭغا تېخىمۇ پايدىلىق بولدى.

خاننبال جىددىي يۈرۈش قىلىپ زاما رايونىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بۇ يەردە پۇت تىرەپ تۇرالىغۇدەك ياردەمگە ئېرىشەلمەيتتى، بۇ يەردە يېتەرلىك سۇمۇ يوق ئىدى. ئۇ ئەۋەتكەن ئۈچ رازۋېدكىچىنىمۇ سكىپو تۇتىۋالغانىدى. سكىپو ئۇلارغا ئۆزىنىڭ بازا، بارگاھلىرىنى تولۇق كۆرسەتتى، ئاندىن ئۇلارنى قويۇۋەتتى.

سكىپونىڭ مەردانىلىقى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئەسىرلەرنى قايىل قىلدى ھەمدە خاننبالنىمۇ تەسىرلەندۈردى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى رەقىبىنىڭ تالانتلىق ۋە ئەقىللىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى ـ دە، ئاقىلانىلىق بىلەن مۇشۇ تاپتا ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئۆزىگە تامامەن پايدىسىز ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى. شۇڭا ئۇ سكىپونىڭ قارارگاھىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، سكىپو بىلەن بىۋاستە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

سكىپو سۆھبەت تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. ئەتىسى ئۇلار سۆھبەت سورۇنىدا ئۇچراشتى.

## سكىپو بىلەن سۆھبەتلىشىش

سۆھبەت سورۇنى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ گازارمىسىغا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، ئەتراپىدا بۆكتۈرمە قىلىش مۇمكىنچىلىكى

يوق جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. سۆھبەتكە خاننىبال ۋە سكىپودىن باشقا بىرلا تەرجىمان قاتناشقانىدى.

تارىخي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، خاننىبال ۋە سكىپو يېقىنلىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ چىرايىنى ئوچۇق كۆرۈشكەندە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشقان؛ سكىپونىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ ئادەم ئىنسانىيەت تارىخىدا ئالپ تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈشتەك مۆجىزىنى ياراتقان، 13 يىل ئىتالىيەنى بوراندەك سۈر ـ توقاي قىلغان، رىملىقلارنى دەككە ـ دۈككىگە سېلىۋەتكەن «ئىلاھ» ئىدى. خاننىبالنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى بولسا ئۆزىدىن ئون نەچچە ياش كىچىك، كىچىك تۇرۇپلا داڭ چىقارغان، تالانتلىق ھەربىي ئالىم ۋە داھىي دەپ ئاتاشقا بولىدىغان ئادەم ئىدى. بۇ ئىككىيلەن ئادەملەرنىڭ سەر خىلى، ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە ئىگە تالانتلىقلار ئىدى. قارشى تەرەپكە بولغان ھۆرمەتتىنمۇ ياكى ئەجەبلىنىشتىنمۇ ۋە ياكى بۇ سۆھبەتنىڭ ئىككى ئىمپېرىيەنىڭ تەقدىرىگە ۋە مىليونلىغان خەلق روھىغا باغلىنىشلىق بولغانلىقىنى ئويلىغانلىقتىنمۇ، ئىشقىلىپ ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، ئۇزاقىچە گەپ قىلماي تۇرۇپ قېلىشقان.

ئاخىر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تاشلىغۇچى خاننىبال بولدى:

— تەبىئەت ئىلاھى ئىككى قۇدرەتلىك ئىمپېرىيەنىڭ چېگرىسىنى بەلگىلىگەن، — دېدى خاننىبال، — رىملىقلارنىڭ ئىتالىيەنىڭ سىرتىدىكى ھەرقانداق يەرگە كۆز تىكمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن، كارتاگومۇ ئافرىقىنىڭ سىرتىدىكى ھەرقانداق يەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشنى ئويلىمايدۇ. سىز ياش بولغاچقا، مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىمدىن ئىبرەت ئېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. دەسلەپتە بىز ئىككى دۆلەت سىتسىلىيەنى تالىشىپ جەڭ قىلىپ ئىناقلىقنى بۇزۇپ تاشلىدۇق، كېيىن ئىسپانىيەنى تالاشتۇق. ئەڭ ئاخىرىدا تەقدىر ئىلاھىنىڭ سەممىي

ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالماي، بارغانچە يىراققا كەتتۇق، ھەتتا دۆلىتىمىزنى بوران ـ چاپقۇن ئىچىدە قالدۇردۇق. ئىلاھىنىڭ ئۈچ ئىبلىشى سۆيىتىدە، مۇنۇلار ھەققىدە ئويلىشايلى: قانداق ئامال بىلەن ئوتتۇرىمىزدىكى رىقابەتكە خاتىمە بېرىپ، ئىلاھىنىڭ غەزىپىدىن ساقلىنىپ قالغىلى بولىدۇ؟ مەن شۇنداق قىلىشقا تەييارلاندىم، چۈنكى تەجرىبىلىرىم ماڭا شۇنى ئۇقتۇردىكى، تەقدىر ئىلاھى بەكمۇ ئۆزگىرىشچان. ئۇ خۇددى باللار بىلەن ئوينىشىۋاتقاندەك، تارازىنىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپىگە ئازراقلا بىرنەرسىنى قوشۇپلا پۈتكۈل ئالەمنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

سكىپو خاننىبالنىڭ تەرجىمان تەرجىمە قىلغان سۆزلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى، ھەربىر جۈملە ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتتى. ئۇ گەپ قىلمىدى. خاننىبال سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بەلكىم مېنىڭ سۆزلىرىم سىزنى قايىل قىلالماس. چۈنكى سىز ياش، ئىسپانىيە ۋە ئافرىقىدا سىزگە نۇسرەت يار بولدى. ھازىرغا قەدەر، سىز تەقدىر ئىلاھى بەرپا قىلغان مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ باقمىدىڭىز... بىراق مەن سىزگە دېمەكچىمەنكى، مەغرۇرلانماڭ. دەرۋەقە ھازىر مېنىڭ سىزگە قوبۇل قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان تەكلىپىم راستتىنلا بىر ئەزىمەت، ئىسسىق ـ سوغۇقنى كۆرگەن، تەقدىر توغرىسىدا ئەتراپلىق ئويلانغان ئادەم قوبۇل قىلالايدىغان تەكلىپ. ئەمما سىز ھېچبولمىغاندا مۇنداق بىر مەسىلىنى ئويلاپ كۆرسىڭىز بولىدۇ: ناۋادا سىز غەلىبە قىلسىڭىز، ئەلۋەتتە سىز ۋە دۆلىتىڭىز بەزى شۆھرەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەمما ناۋادا مەغلۇپ بولسىڭىزچۇ؟ بۇرۇنقى شان ـ شۆھرىتىڭىز كىشىلەر قەلبىدىن غايىب بولىدۇ! قىسقىسى، — سۆزىنى داۋام قىلدى خاننىبال، — بىر ئەۋلادنىڭ تىنچلىقى سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە. بۇ تىنچلىق ئىستىقبالى نېسى

غەلىبىگە قارىغاندا ئېخىمۇ ئېشەنچلىك ھەم كۆڭۈلدىكىدەك، غەلىبىنىڭ كىمگە مەنسۇپ بولۇشىدا تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇشقا توغرا كېلىدۇ.

خاننىبال سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، تىنچلىق شەرتى كارتاگونىڭ ئافرىقىدىكى زېمىنىدىن سىرتقى جايلاردىكى مۇستەملىكىلىرىنىڭ رىمغا تەئەللۇق بولىدىغانلىقى، ئەمما رىمنىڭ جەزمەن ئافرىقىدىن كېتىشى كېرەكلىكى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

سكىپو خاننىبالنىڭ مەردانە سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ ھەممىسىنىڭ ھەق گەپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. بىراق ئۇ كۆڭلىدە ئەگەر خاننىبال مۇشۇ نۇقتىنى ئىتالىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرى چۈشەنگەن ياكى رىملىقلار ئۇرۇش قىلىپ كارتاگونىڭ دەرۋازىسىغا كېلىشتىن ئىلگىرى ئىتالىيەدىن چېكىنىپ چىققان بولسا، دەپ ئەپسۇسلاندى. شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ مۇشۇ پەلسەپىۋى سۆزلىرى تارىخ بەتلىرىگە خاتىرىلەنگەن بولاتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ھازىرقى ۋەزىيەتتە بۇ ھېكمەتلەر خۇددى جازادىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن توقۇپ چىقىرىلغان يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەردەك ئاڭلىناتتى. مۇشۇلارنى ئويلاپ، سكىپو ھەقلىق يوسۇندا:

— مەيلى، سىتسىلىيەدىكى ياكى ئىسپانىيەدىكى ئۇرۇشتا بولسۇن، مەسئۇلىيەت رىملىقلاردا ئەمەس، باش جىنايەتچى كارتاگو... ئىلاھلار گۇۋاھكى، ئۇلار ھەققانىيەتسىز تاجاۋۇزچىلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۇرمىدى، بەلكى غەلىبىنى قولىغا قورال ئېلىپ ئۆزىنى قوغدىغۇچىلارغا ئاتا قىلدى... ئەگەر بىز ئافرىقىغا كېلىشتىن ئىلگىرى مۇشۇ شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىڭىز، مەن ئويلايمەنكى، سىزنىڭ ئۈمىدىڭىز بىكار كەتمىگەن بولاتتى. بىراق ناۋادا بىز ھازىر ئەسكەر چېكىندۇرسەك، سىلەرنىڭ ئالدامچىلىق ۋە خائىنلىقىڭلارغا

يۈلەك بولۇپ قالامدۇق؟ مەن ئالدامچىلىقنى ئادەت قىلىۋالغان كىشىلەرنىڭ تەشەككۈرى تۆپەيلى ئۇلارغا قانداقمۇ تىنچلىق بېرەي؟! — دېدى ۋە ئاخىرىدا كەسكىن تۈردە قوشۇپ قويدى:

— مۇشۇ پەيتتە، بىزنىڭ سۆھبىتىمىز ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئالدىمىزدا ئىككىلا يول بار، بىرى دۆلىتىڭلار رىمغا بويسۇنۇش، يەنە بىرى، بىزگە ئەڭ ئەجەللىك زەربە بېرىشىڭلار كېرەك.

سكىپونىڭ سۆزى خاننىبالنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى، سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامال بولمىدى، خاننىبال غەزەپلەندى، ئۇ ئالدىراپ قارارگاھقا قايتىپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا تەييارلاندى.

## ئادىل ھەل قىلغۇچ جەڭ

ئەتىسى چۈشتىن ئىلگىرى، ئۇلار كارتاگو شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى زاما شەھىرى ئەتراپىدىكى تۈزلەڭلىكتە سەپ تۈزدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، تەخمىنەن 40 مىڭچە ئىدى. ئەمما سكىپو تېخى يېقىندىلا ئېرىشكەن سەرخىل ئاتلىق ئەسكەرلەرگە ۋە ئەۋزەل يەر شارائىتىغا ئىگە ئىدى. خاننىبالنىڭ قوشۇنىنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ بولۇپلا قالماي، نەچچە كۈنلەردىن بېرى جىددىي سەپەر قىلغان بولغاچقا ھاردۇق يەتكەنىدى. ئۇلار ساپا ۋە مەشىق جەھەتتىمۇ سكىپونىڭ قوشۇنىغا يەتمەيتتى، ئاتلىق ئەسكەرلەر روشەن ھالدا تۆۋەن سەۋىيەدە ئىدى.

شۇڭا خاننىبال سكىپونىڭ بۇرۇنقى ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنى تەتقىق قىلدى. سكىپو ئالدى بىلەن ئىككى ياندىكى قوشۇننى يوقىتىپ، ئاندىن ئوتتۇرا سەپكە ھۇجۇم قىلىشقا ئامراق ئىدى.

بۇ ئۇسۇلنى ئۇ كەننى ئۇرۇشىدا خاننىبالدىن ئۆگىنىۋالغانىدى. شۇڭا خاننىبال ئوتتۇرا سەپنى كۈچەيتىپ، رىم كورپۇسلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى دەل ئۇدۇلدىن بۆسۈپ تاشلاشنى قارار قىلدى. ئۇ جەڭ پىللىرىنى سەپنىڭ ئەڭ ئالدىغا، ئاندىن ئۈچ قاتار پىيادە ئەسكەرنى ئوتتۇرىغا ئورۇنلاشتۇردى: بىرىنچى قاتاردىكىلەر ماگو، لىگۇرىيەنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى ۋە گائۇللارنىڭ ياللانما ئەسكەرلىرى، ئارىئالنىڭ سالغىچىلىرى ۋە مورىلارنىڭ ئارمىيەسى ئىدى؛ ئىككىنچى قاتاردىكىلەر مۇشۇ يەردىن يېڭى قوبۇل قىلىنغان لىبىرىيە ۋە كارتاگولۇق يېڭى ئەسكەرلەر ئىدى، ئۇرغۇنلار تېخى تۇزۇك مەشىقمۇ قىلىنمىغانىدى؛ ئۈچىنچى قاتاردىكىلەر زاپاس قوشۇن بولۇپ، ھەممىسى خاننىبال بىلەن ئىتالىيەدىن قايتىپ كەلگەن سەرخىل، ئەڭ ئىشەنچلىك ئەسكەرلەر ئىدى. ئوتتۇرا سەپنىڭ ئىككى يېنىغا 2000 دىن ئاتلىق ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. سەپنىڭ ئالدىدا يول ئېچىپ ماڭىدىغان 80 پىل بار ئىدى. خاننىبال جەڭ پىللىرى بىلەن رىم قوشۇنىنىڭ دەل ئۇدۇلىدىن يوچۇق ئېچىپ، بىرىنچى سەپتىكى ھۇجۇمچى قوشۇننىڭ قارشىلىقىنى ئازايتماقچى، ئىككىنچى سەپتىكىلەرگە ئىلھام بەرمەكچى، ئۈچىنچى سەپتىكىلەردىن پايدىلىنىپ، سكىپونىڭ زاپاس ئەسكەرلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى.

سكىپو خاننىبال تۈزگەن سەپكە ئاساسەن، ئادەتلەنگەن ئۇسۇلى بويىچە سەپ تۈزدى: ئۇمۇ قوشۇنلىرىنى ئۈچ قاتارغا ئايرىدى. بىرىنچى قاتارغا ساۋۇتلۇق پىيادە ئەسكەرلەرنى، ئىككىنچى قاتارغا تايانچ ئەسكەرلەرنى، ئۈچىنچى قاتارغا زاپاس ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. ئەمما ئۇ ئىسپانىيەدىكى جەڭدە كارتاگونىڭ جەڭ پىللىرىنىڭ يامانلىقىنى ئوبدان كۆرگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئىككىنچى قاتاردىكى چاقماقلىق شەكىلدىكى تىزىلىشنى

ئۇزۇنسىغا تىزىلىشقا ئۆزگەرتىپ ئارىلىقتا بوش ئورۇن قالدۇردى، خانىبالنىڭ جەڭ پىللىرى مۇشۇ ئارىلىقتىن ھېچقانداق چوڭ زىيان سالالماي ئۆتۈپ كېتەلەيتتى. ئۇ مۇشۇ ئارىلىققا پۇرسەت كەلگەندە ئوڭايلا چېكىنىپ كېتەلەيدىغان پىيادە ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. بۇلار ئوڭ - سول تەرەپتىكىلەرگە مالاللىق كەلتۈرمەي، جەڭ پىللىرىنى ئالداپ ئۆتكۈزۈۋېتەلەيتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سكىپو ئىتتىپاقداش قوشۇننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى ئىككى يانغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، قىرى ئەسكەرلەرنى زاپاس قوشۇن ھېسابىدا ئارقا تەرەپكە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ يەنە بىر بۆلەك پىيادە ئەسكەرلەرگە بۇرغىلارنى ئېلىپ بىرىنچى قاتارغا بېرىشنى، زوررۇر بولغاندا تەڭلا بۇرغا چېلىپ، خانىبالنىڭ جەڭ پىللىرىنى ئۈركىتىشنى ئورۇنلاشتۇردى. روشەنكى، سكىپونىڭ مەقسىتى دۈشمەننىڭ پىللىرىدىن ئىمكان بار ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئاندىن دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئىدى.

جەڭ ئىككى تەرەپنىڭ بىر بۆلەك ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ تارقاق ھالدا ئېلىشىشى بىلەن باشلاندى. ئارقىدىنلا خانىبال تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جەڭ پىللىرىنى ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇدى. جەڭ پىللىرى سكىپو قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە يېقىنلاشقاندا، سكىپونىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىرىنچى قاتاردىكى بۇرغىچىلار بۇرغا چېلىپ، ئۇر - چاپ دەپ ۋارقىراپ ئاسمان - زېمىننى بېشىغا كىيدى. قۇلاقنى يارغۇدەك بۇ ئاۋازلار جەڭ پىللىرىنىڭ مېڭىسىنى قوچۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىر ئىزىدا توختىۋالدى، بەزىلىرى ئارقىغا قاراپ ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ قاچتى، بۇنىڭ بىلەن خانىبالنىڭ سول يانىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئاتلىرى ئۈركۈپ سەپ بۇزۇلۇپ

كەتتى؛ سكىپونىڭ ئوتتۇرا سېپىگە بۆسۈپ كىرگەن پىللار بوش قالدۇرۇلغان يول بىلەن، سكىپو قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. پىللارنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن خاننىبالنىڭ ئىككى ياندىكى سېپى بۇزۇلۇپ كەتكەن ئاتلىق ئەسكەرلىرى سكىپونىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ زەربىسىدە ناھايىتى تېزلا ۋەيران بولدى.

مۇشۇنىڭ بىلەن تۇنجى ئېلىشىشتىلا خاننىبال ئىككى ياندىكى قوشۇنىدىن ئايرىلىپ قالدى.

پىيادىلەرنىڭ جېڭى كەسكىن بولدى. دەسلەپتە، خاننىبالنىڭ بىرىنچى قاتاردىكى ئەسكەرلىرى باتۇرلۇق كۆرسەتتى، ئەمما ئاچقۇچلۇق پەيتتە، يېڭى قوبۇل قىلغان ئىككىنچى قاتاردىكى ئەسكەرلەر بىرىنچى سەپكە ۋاقتىدا ياردەم بېرەلمىدى، ھەتتا جەڭ قىلمايلا ئارقىغا چېكىندى. بىرىنچى قاتاردىكىلەر ئىككىنچى قاتاردىكىلەرنىڭ چېكىنگەنلىكى، ئۆزلىرىنىڭ ياردەمچىسىز يالغۇز قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئارقىغا چېكىندى، ئەمما ئۈچىنچى قاتاردىكىلەر — ئۇزۇن جەڭلەردە چېنىققان سەرخىل ئەسكەرلەر ئۇلارنى توسۇۋالدى. نەتىجىدە سەپ بۇزۇلدى، ئۇلار يول تالىشىپ بىر - بىرىنى قىرغىن قىلدى.

رىملىقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېسىپ كېلىۋەردى، بىرىنچى، ئىككىنچى قاتاردىكىلەرنى چېكىنىشكە قىستىدى، ئۈچىنچى قاتاردىكى سەرخىللار بولسا ئۇلارغا يول بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككى ياندىن قاچتى. شۇنداق قىلىپ خاننىبالنىڭ ئۈچىنچى قاتاردىكى ئەسكەرلىرىلا قالدى.

جەڭگاھتا ھەل قىلغۇچ پەيت يېتىپ كەلدى. سكىپونىڭ ئاجىزلاپ كەتكەن ساۋۇتلۇق ئەسكەرلىرى ياللانما ۋە ئافرىقىلىق ئەسكەرلەرنى چېكىندۇرگەنلىكىدەك غەلىبە مېۋىسىنى كېڭەيتمەكچى بولۇۋاتقاندا، سكىپو ئۇلارنى چېكىندۇرۇۋالدى.

جەسەت ۋە قىپقىزىل قانغا تولغان جەڭگاھتا ئۇ جەڭ سىپىنى قايتىدىن تەشكىللىگەنىدى، سەپ شەكلىنى ئادەتلەنگەن چاقماق شەكلىگە ئۆزگەرتتى ھەمدە ئاجىزلاپ كەتكەن ساۋۇتلۇق ئەسكەرلەرنىڭ ئىككى يېنىغا ئاساسلىق ۋە زاپاس ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاخىر رىملىقلار تارقاقراق سەپ بىلەن جەسەت ۋە قانغا تولغان جەڭگاھتىن ئۆتۈپ، خانىبالنىڭ ئۈچىنچى قاتاردىكى ئەسكەرلىرىگە — كاراگونىڭ سەرخىل قوشۇنىغا ئاخىرقى ھۇجۇمنى باشلىدى.

قوشۇن سېپىنى كېڭەيتكەن سكىپىو ئەسلىدە خانىبالنىڭ ئەسكەرلىرىنى قوشىۋالماقچى بولغانىدى، ئەمما پىشقان ئەسكەرلەر قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى، ئىككى تەرەپ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كەسكىن جەڭ قىلدى، ھەر ئىككى تەرەپتە ئۆزىنى چەتكە ئالغۇدەك ئىمكانىيەت يوق ئىدى. مۇشۇ چاغدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ جاسارىتى، قوماندانلىق ماھارىتى، ئىرادىسى ئوخشاش ئىدى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكىرىي كۈچى، قورالىمۇ ئوخشاش ئىدى. مۇنداق ئەھۋالدا كىمنىڭ يېڭىشى، كىمنىڭ يېڭىلىشى ھەققىدە بىرنەرسە دېمەك تەس ئىدى. جەڭدە قاتمال ھالەت شەكىللەنگەنىدى، ھەر ئىككى تەرەپتە ئادەمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەپىسى ئۈزۈلگەنگە قەدەر جەڭ قىلىدىغان روھ بار ئىدى.

دەل مانا شۇ جىددىي پەيتتە، خانىبالنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى چېكىندۇرگەن سكىپىونىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئىككى ياندىن ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ قالدى ـ دە، خانىبالنىڭ ئۈچىنچى قاتاردىكى سەرخىل ئەسكەرلىرىنى قورشاۋغا ئېلىۋالدى.

خانىبالنىڭ تۆتلا تەرەپتىن زەربىگە ئۇچراۋاتقان ئەسكەرلىرى بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرەلمىدى. نۇرغۇنلار ئارقا

تەرەپتىن كېلىدىغان زەربىنى توسۇشقا ئامال قىلالماي بېشىدىن ئايرىلدى. سكىپونىڭ قوشۇنى ئىتتىپاقداش ماشىنىسسا قوشۇنلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن بارغانچە غەيرەتكە كېلىپ جەسۇرانە جەڭ قىلدى. چېكىنىشكىمۇ، قېچىشقىمۇ يول تاپالمىغان خاننىبالنىڭ ئەسكەرلىرى دۈشمەن بىلەن ئەڭ ئاخىرى ئۆلۈپ تۈگىگەنگە قەدەر باتۇرانە جەڭ قىلدى.

جەڭگاھتا جەسەتلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ، قانلار دەريادەك ئاقتى. بۇ جەڭدە كارتاگونىڭ 20 مىڭ ئەسكىرى قۇربان بولدى، 20 مىڭ ئەسكىرى ئەسىرگە چۈشتى، رىم پەقەت 1500 ئەسكەر زىيان تارتتى. خاننىبال ئاز ساندىكى ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە قېچىپ كەتتى.

زاما ئۇرۇشىدا، سكىپو مۇشۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە ئېرىشىپلا قالماي، بەلكى ئۇ قەسەمىيات قىلغىنىدەك ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇردى. ئۇ زەپەر بىلەن رىمغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا «ئافرىكانۇس» دېگەن نام بېرىلدى، ئۇ تۇنجى بولۇپ بويسۇندۇرۇلغان جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئادەمگە ئايلاندى.

ئۇرۇشتىن كېيىن، ئىسپانىيە رىمنىڭ ئىككى ئۆلكىسىگە ئايلاندى. كارتاگونىڭ ستتسىلىيەدىكى زېمىنىمۇ ستتسىلىيە ئۆلكىسىگە قوشۇۋېتىلدى، ئەسلىدە كارتاگونىڭ مۇستەملىكىسى بولغان نومېدىيە رىمنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلاندى. كارتاگو شۇندىن باشلاپ ۋەيران بولدى، رىم بولسا غەربىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى زومىگەرگە ئايلاندى. رىم مىللىتى ئىتالىيەنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ دەرۋازىسىغا قەدەم تاشلاپ دۇنيانى تىزگىنلەشكە باشلىدى. رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ تاڭ نۇرى ئۇپۇق سىزىقىنى يورۇتتى.

## 8. ئۆزگە يۇرتتا ئاچچىق يۇتۇش

زامادىكى ھەل قىلغۇچ جەڭدىن ئىككى يىل كېيىن، كارتاگو سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. سكىپو تۆھپىكار سالاھىيىتى بىلەن رىم سېناتىنىڭ كارتاگونى تۈپتۈز قىلمۇۋېتىش نىيىتىنى توسۇپ قالدى. ئەمما كارتاگو رىم بىلەن شەرتلىرى تولىمۇ ئېغىر شەرتنامە ئىمزالاشقا مەجبۇر بولدى:

شەرتنامىدە مۇنداق بەلگىلەنگەنىدى: كارتاگو ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ئىگىلىگەن ئافرىقىدىكى بارلىق زېمىنغا ئىگە بولىدۇق، بىراق ماشىنىسسا بۇنىڭ سىرتىدا، ماشىنىسسا رىمنىڭ ھامىيلىقىدىكى ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت بولىدۇ. كارتاگونىڭ چەت ئەللەردىكى بارلىق يەر ـ مۈلۈكلىرى بۆلۈۋېلىنىدۇ. بارلىق قوشۇنى تارقىتىۋېتىلىدۇ، ئۈچ ئۇرۇش كېمىسى قالدۇرۇلغاندىن سىرت، باشقا بارلىق ئۇرۇش كېمىلىرى ۋە جەڭ پىللىرى تاپشۇرۇلىدۇ. جەڭ ۋاقتىدا بۇلاپ كەتكەن بارلىق ئەسىرلەر ۋە رىمنىڭ قورچاق ئەسكەرلىرى تاپشۇرۇلىدۇ. سۆھبەت مەزگىلىدە رىمنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ بارلىق تەمىناتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەڭ مەشھۇر ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسىدىن 100 ئۆسمۈر بالىنى تاللاپ رىمغا تۇتقۇنلۇققا ئەۋەتىدۇ، 10 مىڭ تارانتى (پۇل) تۆلەيدۇ، بۇنى 50 يىلدا تۆلەپ بولىدۇ.

## زاماننى چۈشەنگەن دانىشمەن بولۇر

گەرچە رىملىقلارنىڭ شەرتى ناھايىتى ئېغىر بولسىمۇ، ئەمما مۇشۇ شەرتلەر ئاستىدا يەنە جەڭ قىلىشقا ماجالى قالمىغان كارتاگو ھېچبولمىغاندا مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالالايتتى. بىراق كارتاگو ھۆكۈمىتىدىكى نۇرغۇنلار بۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىدى. گېنېراللار ئارىسىدا گېپىكا باشچىلىقىدىكى ئۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار قاتتىق قارشى تۇردى. بۇنىڭ بىلەن سېنات مۇنازىرە تەشكىللىدى. گېپىكا سەھنىگە چىقىپ قاراشلىرىنى بايان قىلدى.

تۆۋەندە ئولتۇرغان خاننىبالغا ئۇنىڭ سۆزلىرى ياقمىدى. چۈنكى ئۇ سەركەردە بولغاچقا، بۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلمىغاندا، كارتاگونىڭ ئۆزۈل - كېسىل گۇمران بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي سەھنىگە چىقىپ، گېپىكانى سەھنىدىن سۆرەپ چۈشتى.

يىغىن زالى پاتپاراق بولۇپ كەتتى. خاننىبالنىڭ بۇ قوپاللىقى يىغىن پىرىنسىپىغا خىلاپ ئىدى. سېناتلار غەزەپلەندى. ئەيىبلەشلەر تۇپەيلى، خاننىبال كەچۈرۈم سورىدى:

— سېناتلار، قوپاللىقىمنى كەچۈرگەيسىلەر. مەن كارتاگونىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن بۇ زېمىندىن توققۇز ياش چېغىمدا ئايرىلدىم، بۇ زېمىنغا قايتا كەلگەندە يېشىم 45 كە باردى. ھالبۇكى، مېنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىمنىڭ ھەممىسى ئېلىمىزنىڭ ئامانلىقى ۋە خەلقىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ كۆپچىلىكنىڭ بۇ قوپاللىقىمنى كەچۈرۈشىنى، مەقسىتىم ۋە كۆڭلۈمنى چۈشىنىشىنى سورايمەن... ئوخشاشلا سەۋەب تۇپەيلىدىن، مەن رىمنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىشىڭلارنى، بۇ ئىش ئۈستىدە مۇنازىرە

قىلىۋەرمەسلىكنىڭلارنى ئۆتۈنىمەن. بىز ئىلاھلاردىن تىلەيلى، ئۇلار كارتاگونى ئامان قىلغاي! بۇنىڭدىن باشقا بىزگە ئۆزگىچە يول يوق!

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 201 ـ يىلى كارتاگو نائىلاج ئېغىر شەرتلەرنى قوبۇل قىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن كارتاگو كۈچلۈك دۆلەتلىك ئورنىنى يوقاتتى، رىم غەربىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى زومىگەرگە ئايلاندى.

## دۆلەتنى گۈللەندۈرمەكچى بولغان «سۇفېت»

زاما ئۇرۇشىدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، خاننىبال يەنىلا ھەربىي سەركەردە بولۇپ تۇرۇۋەردى، ئەمما ئىمكان بار ئۆزىنى سىياسىيدىن چەتكە ئالدى. ئەمما مۇشۇ مەزگىللەردە كارتاگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى بەك ناچارلىشىپ كەتتى: گۇرۇھلارنىڭ قاقتى ـ سوقتىلىرى ئەدىدى؛ ھۆكۈمەتنى بۇزۇقلار ئىگىلىۋالدى؛ بايلار بارلىق ئاماللار بىلەن تۆلەم مەجبۇرىيىتىنى نامراتلارغا ئارتىپ قويدى؛ ھوقۇقدارلار خەلق تاپشۇرغان تۆلەم پۇللىرىنى ئۆز ھەميانىغا تىقىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن تۆلەم ۋاقتىدا تۆلەنمىدى، نۇرغۇنلار دۆلەتنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى خاننىبالغا ئارتىپ قويدى، نۇرغۇنلار ئۇنى مىللىي قەھرىمان دەپ قارىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 196 ـ يىلى، خەلق قۇرۇلتىيىدا خاننىبال «سۇفېت» لىققا سايلاندى.

كارتاگونىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى بويىچە، سۇفېت دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارى ۋە سوتچىسى ئىدى. ھەر يىلى پۈتۈن خەلق قاتناشقان خەلق قۇرۇلتىيىدا قۇرامىغا يەتكەن ئاقسۆڭەكلەردىن ئىككى نەپەر سۇفېت سايلىناتتى. سۇفېتنىڭ ئاستىدا 300 كىشىلىك سېنات بولاتتى، سېنات سۇفېتنىڭ مەسلىھەت بېرىش

ئۆمىكى ئىدى. بۇنىمۇ خەلق قۇرۇلتىيى سايلايتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن 30 كىشى تاللىنىپ ئىچكى كابىنېت تەشكىللىنەتتى، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىش بېجىرىش ئورگىنى ئىدى. سېناتنىڭ ئاستىدا ئىككى ئورگان بولاتتى، بۇنىڭ بىرى، 104 كىشىدىن تەشكىللەنگەن سوت بولۇپ، ئەدلىيەنى باشقۇراتتى، يەنە بىرى، بەش سېنات ئۆمىكى ئىدى.

خاننىبال سۇفېت بولدى، دېمەك، دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى ئىگىلىدى. ئەمما ئۇ مۇشۇ ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ گۇرۇھ توپلاپ، ئۆز يانچۇقىنى تولدۇرۇشنى زادىلا ئويلىمىدى، بەلكى قولىدىكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ دۆلەتنى گۇللەندۇرۇشنى، خىيانەتچىلىك ــ چىرىكلىكنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتىشنى ئويلىدى. ئۇنىڭ تۈزەش سىياسەتلىرى بىلەن خەلقتىن باج كەچۈرۈم قىلىندى، ئۇرۇش چىقىمى تۆلەندى، دۆلەت خەزىنىسىگىمۇ ئاز ـ تولا پۇل كىردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە تېخىمۇ ئېرىشتى.

ئەمما شۇنىڭ بىلەن كاتتار بايلار، خىيانەتچى ئەمەلدارلار خاننىبالغا ئۆچ بولۇپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى بولغاندا، ئۇلار پىتنە ـ پاسات تارقىتىپ، خاننىبال سۇرىيەنىڭ پادىشاھى ئانتىيوچۇس Ⅲ بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، دۆلەت ۋە خەلقنى قايتىدىن ئۇرۇش ئوتىغا تاشلىماقچى بولۇۋاتىدۇ، دېيىشتى.

بۇ زەھەرخەندە پىتنە رىماغا يېتىپ بېرىشى بىلەن رىملىقلار دەككە ـ دۈككىگە چۈشتى. گەرچە سكىپو خاننىبالنى جېنىنىڭ بارىچە ئاقلىغان بولسىمۇ، رىملىقلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى چۈشۈرىدىغان «خاننىبال توغرىسىدىكى تۆھمەتلەر»نى توسقان بولسىمۇ، ئەمما رىملىقلارنىڭ خاننىبالغا بولغان قورقۇنچى ناھايىتى چوڭقۇر بولغاچقا، ھەرقانداق ئەقلىي

ھۆكۈملەر ئۇلاردىكى غەم ـ ئەندىشىنى تۈگىتەلمىدى. شۇڭا ئۇلار نامدا كارتاگو بىلەن ماشىنىسسا ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كارتاگو ھۆكۈمىتىدىن خانىبالنى قاماشنى تەلەپ قىلىدىغان ۋەكىللەر ئۈمىكى ئەۋەتتى.

كارتاگو ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىككى گۇرۇھنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىشى بىلەن خانىبال مەغلۇپ بولۇپ تەختتىن چۈشتى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 195 ـ يىلى خانىبال كارتاگو ئارمىيەسىنىڭ باش سەركەردىلىك ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ بەردى. رىملىقلارنىڭ گۇمانىنى يوقىتىش، دۆلەتنى ئۇرۇش جاراھەتلىرىنى ساقلىۋېلىشقا تىنچ تاشقى مۇھىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇ نائىلاج سەرگەردان بولۇپ يات ئەلگە چىقىپ كەتتى.

خانىبال — بۇ مىللىي قەھرىماننىڭ بارارغا يېرى يوق ئىدى. شۇڭا ئەجدادى ياشىغان شەھەر تۇرېغا باردى. كېيىن ئۇ يەردىن سۇرىيەگە بېرىپ، پادىشاھ ئانتىيوچۇس Ⅲ تىن پاناھلىق تىلىدى.

## ئانتىيوچۇسنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى

قەدىمكى سۇرىيە ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ ھازىرقى ئىسرائىلىيە، ئىئوردانىيە، سۇرىيە، لىۋان قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ يەردە سىسىمو تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئاموريتىلا، ھەبىلولار (شىقسۇلار)، ئالجىرلار، خىتتىتلار، ئىبرايلار، ئارمىلار، فىنىكىيەلىكلەر، سۇرىيەلىكلەر، بابىلونلار، پارسلار ۋە گىرېكلار ئولتۇراقلاشقانىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى Ⅲ

ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، بۇ يەر گىرېتسىيەلىك ئىمپېراتور ئالېكساندىر قۇرغان ماكېدونىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئالېكساندىر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىمپېرىيەسى پارچىلاندى. ئۇنىڭ غەربىي ئاسىياغا قويغان باش ۋالىيسى سېلېئۇكۇس سۈرىيەنى مۇستەقىل پادىشاھلىق قىلدى ھەمدە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 198 ـ يىلى فىنىكىيە، تاشقى ئىئوردانىيە ۋە پەلەستىننى يۇتۇۋالدى. ئەمما ئۇ ھاكىمىيەت تۇتقان مەزگىلدە يەنىلا گىرېتسىيەلەشكەن سىياسەت يۈرگۈزدى.

سۈرىيەنىڭ ھازىرقى پادىشاھى ئانتىيوچۇس III سېلېئۇكۇس II نىڭ ئوغلى ئىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 223 ـ يىلى ئۇ ئاكىسى سېلېئۇكۇس III نىڭ پادىشاھلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ پادىشاھلىق تەختىگە چىققانىدى. خاننىبال ئىتالىيەدە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئۇ تۆتىنچى قېتىملىق سۈرىيە ئۇرۇشىنى قوزغاپ، شەرقىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى مۇھىم پورتلارنى قولغا كەلتۈرگەن ھەمدە ئالجىرىيەنىڭ فىرئەۋنى پتولېمى IV بىلەن سۈرىيەنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى راپىيا دېگەن جايدا ئۇرۇشقانىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 212 ـ يىلىدىن 205 ـ يىلىغىچە، ئۇ يەنە شەرققە يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى قوزغاپ، زەپەر قۇچۇپ ھىندىستانغىچە بارغانىدى. كېيىن يەنە ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ كابۇل جىلغىسىغىمۇ بارغانىدى.

شۇڭا ھازىرقى ئانتىيوچۇس III ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىدە قەھرىمان دەپ ئاتالغان زومىگەر ئىدى.

ئەمما، ئۇ غەربكە يۈرۈش قىلىش داۋامىدا رىملىقلارنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغانىدى. ئەينى چاغدا، رىملىقلار ماكېدونىيەنىڭ پادىشاھى فىلىپ V نىڭ باش ـ كۆزىنى قانغا بوياپ ۋەتۇەرىكىنى چىقىرىۋەتكەنىدى. گىرېتسىيەلىكلەر خۇددى

نجاتكارىنى كۆتكەندەك، ئانتىيوچۇسنىڭ بېرىشىغا تەشنا ئىدى. رىم كۆپ قېتىم ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ ئانتىيوچۇستىن ياۋروپادىن چېكىنىپ كېتىشنى ھەمدە فرامىنىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، كىچىك ئاسىيادىكى بارلىق بەگلىكلەرگە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدا ۋەدە بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدى. ئانتىيوچۇسقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، رىملىقلارنىڭ بۇ تەلىپىنى قاندۇرۇش سېلېئۇكىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ غەربىي رايوننى بۆلۈپ بېرىش دېگەن گەپ ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىغانىدى.

دەل مۇشۇ چاغدا خاننىبال ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ دەرھاللا خاننىبالنى سېلېئۇكىيە پادىشاھلىقىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلدى. رىمغا قارشى تەييارلىنىۋاتقان ئۇرۇشتا، خاننىبال بىر فلوتقا قوماندانلىق قىلىدىغان بولدى.

خاننىبال ئانتىيوچۇسقا قوشۇننى ئىككى يۆنىلىشكە بۆلۈش، بىر بۆلەك ئەسكەر ۋە فلوت كارتاگوغا بېرىش، يەنە بىر بۆلەكنى گرېتسىيەگە ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇشۇ ئارقىلىق ئىتالىيەنى شىمال ۋە جەنۇبتىن قورشاش ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، رىملىقلارنى ئىككى سەپتە جەڭ قىلىشقا زورلاش تەكلىپىنى بەردى. بۇ بىر «جەڭ قىلمايلا دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىش» ئۇسۇلى ئىدى.

رىملىقلار بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈدى. دەرھال جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە كۆپلىگەن قوشۇن ئەۋەتتى، فلوتلار دېڭىز بويلىرىدا ئايلىنىپ كۆزەت قىلىشنى كۈچەيتتى ھەم رىم دىپلوماتىيە پائالىيىتىنى جانلاندۇردى. ئۇلارنىڭ دىپلوماتىيە پائالىيىتى زور ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ھەتتا ماكېدونىيەمۇ ئۆزىنى رىمنىڭ قوينىغا ئېتىپ، ئۆزىنىڭ سابىق ئىتتىپاقدىشىدىن يۈز ئۆرۈدى.

## سكىپو بىلەن باتۇرلۇق ھەققىدە پاراڭلىشىش

ئەمما ئانتىيوچۇس ئۆز قوشۇنىنىڭ كۈچىنى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى مۆلچەرلەپلا قالماي، ئىتتىپاقداشلاردىكى ئۆزگىرىشكىمۇ بەكلا سەل قارىدى. ئۇ غەربىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى، شۇڭا خاننىبالنىڭ پىلانىنى بىر چەتكە تاشلاپ قويدى. ئۇ گىرېتسىيەدە رىملىقلارنى مەغلۇپ قىلساقلا، ھەممە ئىش ھەل بولىدۇ، دەپ قارىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 192 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە ئانتىيوچۇس 10 مىڭ پىيادە، 1000 ئاتلىق ئەسكەر ۋە ئالتە جەڭ پىلىنى باشلاپ، سىسالىنىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى.

رىملىقلار بۇ خەۋەرنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال 20 مىڭ پىيادە، 2000 ئاتلىق ئەسكەر ۋە 15 جەڭ پىلىنى جەم قىلىپ، شەرقتىن ئادرىياتىك دېڭىزىنى كېسىپ ئۆتۈپ سىسالغا كىردى. ئانتىيوچۇس ئۆزىدىن ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى كۆرگەندىن كېيىن ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ، دەرھال ياردەمچى قوشۇن ئەكېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئۆزى قوشۇنلىرى بىلەن گىرېتسىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئارشاڭ قوۋۇقىنى ئىگىلەپ، مۇشۇ ئۆتمەك قىيىن تەبىئىي توسۇقتىن پايدىلىنىپ رىمنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ، ياردەمچى قوشۇننى كۈتمەكچى بولدى. رىملىقلار تاپان باستى قىلىپ قوغلاپ كېلىپ، كېچىدە سۈرىيەنىڭ ئادەم خىيالىغا كەلتۈرمەيدىغان يېرى ئارقىلىق ئېگىز قىيا ـ تاغلاردىن ئۆتۈپ، ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىپ، سۈرىيە قوشۇنىنى قىيما ـ چىيما قىلىۋەتتى. مانا بۇ دۇنياغا داڭلىق ئارشاڭ قوۋۇقى ئۇرۇشى ئىدى.

سۇرىيە پادىشاھى ئانتىيوچۇس نائىلاج گىرېتسىيەدىن ۋاز كەچتى. ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز ئۆرۈدى. ئاگېئان دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى رود، ساموس، خىئوس ۋە لىسبوس قاتارلىق بىر قەدەر چوڭراق ئاراللارنىڭ ھەممىسى رىمغا ئىتائەت قىلدى. گىرېتسىيە چېگراسى ئىچىدە، پەقەت ئېتولىيىلا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى.

رىملىقلار غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلاپ بەكلا خۇشال بولدى. سېنات دەرھاللا قۇدرەتلىك دېڭىز ئارمىيەسىنى جەم قىلىپ، ئاگېئان دېڭىزىدىن ئۆتۈپ كىچىك ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى ھەمدە ئەينى يىللىرى كارتاگو ۋە ماكېدونىيەنى بويسۇندۇرغان سكىپونى ھۆكۈمدارلىققا تەيىنلەش تەكلىپىنى بەردى. بىراق رىمنىڭ قانۇنى بويىچە، بىر قېتىم ھۆكۈمدارلىققا سايلانغان ئادەم 10 يىلدىن كېيىن قايتا سايلىنالايتتى. شۇڭا ئۇلار سكىپونىڭ ئىنىسىنى ھۆكۈمدارلىققا تەيىنلەپ، سكىپونى ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە بەلگىلىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 190 ـ يىلى ئۇلار قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارمىيەسىنى باشلاپ سۇرىيەگە يۈرۈش قىلدى. ئارقا سەپنىڭ ئامانلىقى ۋە غەم ـ ئەندىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇلار گىرېتسىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئېتولىيە بىلەن ئالتە ئايلىق ئۇرۇش توختىتىش، تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇشۇ مەزگىلدە خاننىبال ئىككىنچى قېتىم، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سكىپو بىلەن كۆرۈشكەن. زاما ئۇرۇشىدىكى بۇ ئىككى رەقىب، كېيىن كارتاگو ۋە رىمنىڭ تىنچلىقىنى قوغداپ قالغان ئىككى گېنېرال بىر قېتىم پاراڭلاشقان. خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، پاراڭنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق:

سكىپو: سىزنىڭچە، تارىختىكى ئەڭ ئۇلۇغ گېنېرال كىم؟

خاننىبال: ماكېدونىيە پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى ئالېكساندىر ئەڭ ئۇلۇغ گېنېرال. چۈنكى ئۇ كىچىككىنە بىر قوشۇن بىلەن سانسىز قوشۇنلارنى يەڭگەن، ناھايىتى يىراق جايلارنى تەكشۈرگەن، پەقەت ئىنسانلاردىن تاشقىرى بولغان ئۈمىدنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولغان.

سكىپو: سىزنىڭچە، ئالېكساندىرنىڭ ئارقىسىدىلا تۇرىدىغان گېنېرال كىم؟

خاننىبال: پىررۇس. چۈنكى ئۇ كىشىلەرگە لاگېر قۇرۇش سەنئىتىنى ئۆگەتكەن؛ بۇندىن باشقا، يەر تاللاش ۋە ئەسكەر يۆتكەش جەھەتتىمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلەيدىغان ئادەم يوق. ئۇ ئاۋام كۆڭلىنى مايىل قىلىشقىمۇ ماھىر، ھەتتا ئىتالىيەلىكلەرمۇ ئاشۇ چەت ئەللىكنى ئۆزلىرىگە ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدار قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، رىملىقلارنىڭ ھۆكۈمدار بولۇشنى خالىمىغان...

سكىپو: ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ گېنېرال كىم؟

خاننىبال قىلچە ئىككىلەنمەي تۇرمايلا «مەن» دېگەن.

سكىپو كۈلۈپ يەنە: ئەگەر زامادا مەن سىزنى يەڭمىگەن، بەلكى سىز مېنى يەڭگەن بولسىڭىز، ئۆزىڭىزگە قانداق باھا بېرەتتىڭىز؟ دەپ سورىغان.

خاننىبال: شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەن ئۆزۈمنى ئالېكساندىر ۋە پىررۇسلاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپلا قالماي، بەلكى باشقا بارلىق گېنېراللاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قوياتتىم.

بۇ پاراڭلىشىشتىن سكىپو تولىمۇ خۇشال بولغان، چۈنكى خاننىبال ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى قەدەر دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ گېنېرالنى يەڭگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. خاننىبال بۇنىڭغا سەممىمىي، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن قايىل بولغان.

## رىملىقلار بىلەن قايتا جەڭ قىلىش

ئانتىيوچۇس، رىملىقلار غەلىبىسىرى تېخىمۇ ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىپ، خاننىبال بىلەن بىرلىكتە خېللىسپون بوغۇزىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى سېستوس ۋە جەنۇبىي قىرغاقتىكى ئابىدوستا دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇپ، رىملىقلارنىڭ كىچىك ئاسىياغا كىرىشىنى توسىماقچى بولدى. تەمىناتقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن سىرىيەنىڭ لەشماكىيە دېگەن يېرىدە نۇرغۇن قورال ـ ياراغ ۋە ئاشلىق جەملەپ، بۇ يەرنى ئۇرۇش جەريانىدىكى ئاساسلىق تەمىنات بازىسى قىلدى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 190 ـ يىلىنىڭ ياز پەسلىدە، رىمنىڭ دېڭىز ئارمىيەسى ئاگېئان دېڭىزىدىن ئۆتۈپ، كەيكىئۇسقا يېقىن جايغا باردى. شۇندىن كېيىن، رىم دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى لىۋى بىر بۆلەك ئۇرۇش كېمىلىرىنى مەشىقنى چىڭ تۇتۇش، مانېۋىر قىلىش، ھەر خىل قوراللارنى ياساشقا قالدۇرۇپ، قالغان ئۇرۇش كېمىلىرى بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنى ساقلاش ئۈچۈن دېڭىز بوغۇزىغا باردى. ئېفېستا تۇرۇۋاتقان خاننىبال بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، مۇشۇ ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي كەيكىئۇستىكى رىم دېڭىز ئارمىيەسىگە زەربە بەرمەكچى بولدى.

8 ـ ئاينىڭ بىركۈنى، كەيكىئۇستىكى رىم دېڭىز ئارمىيەسى سۈرىيە دېڭىز ئارمىيەسى گېنېرالىنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. خەتتە ئۇ گېنېرالنىڭ رىملىقلارغا تەسلىم بولماقچى بولغانلىقى، سامۇس ئەتراپىدا كۆرۈشۈشنى خالايدىغانلىقى يېزىلغانىدى. رىملىقلار بۇنىڭغا ئىشىنىپ،

فلوتىنى سامۇسقا ئېلىپ كەلدى. خانىبال رىملىقلارنىڭ ئالدام خالتىغا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، قورۇقلۇق قوشۇنلىرىغا سامۇسنى ئالدىن ئىشغال قىلىشنى بۇيرۇدى. ئاندىن يالغاندىن تەسلىم بولماقچى بولغان فلوتىنى يېرىم كېچىدە يولغا چىقىپ رىملىقلار بىلەن كۆرۈشۈشكە، رىم فلوتىغا ئەگىشىپ بېرىپ، فلوتىنى سامۇس ئەتراپىدا توختىتىشقا بۇيرۇدى. سەھەر پەيتىدە، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان دېڭىز ئارمىيەسى تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچرىدى. ئۇلار ھودۇقۇپ، كېمىلىرىنى تاشلاپ قورۇقلۇققا قاراپ قاچتى. ئەمما خانىبالنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئۇ يەردە ساقلاپ تۇرغان سۈرىيە ئەسكەرلىرى ئارسلاندەك ئېتىلىپ كەلدى. نەتىجىدە، رىمنىڭ 20 دىن ئارتۇق ئۇرۇش كېمىلىرى ئولجا ئېلىندى. يەتتە كېمىلا قېچىپ كېتەلىدى، ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلتۈرۈلدى.

رىم دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى لىۋى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھاللا گىرېتسىيەگە بېرىپ، بارلىق جەڭ كېمىلىرىنى جۇغلاپ ئېفېسقا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ دېڭىز ئارمىيەسىنى ئىككى يولغا ئايرىدى، بىر بۆلىكى، دېڭىزدا سۈرىيەنىڭ دېڭىز ئارمىيەسى بىلەن جەڭ قىلىشقا تەييارلاندى، يەنە بىر بۆلىكى، دۈشمەن دېڭىزىدىن قورۇقلۇققا چىقماقچى، دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدىن زەربە بەرمەكچى بولدى.

9 ـ ئايدا، ئىككى قوشۇن ئېفېسنىڭ غەربىدىكى دېڭىزدا ئۇچراشتى. رىمنىڭ ئۇرۇش كېمىلىرىدە بىر خىل چوڭ خادىغا باغلانغان، ئوت ـ چوغ تولدۇرۇلغان ئوتدان بار ئىدى، ئۇلار بۇ ئوتدانلارنى سۈرىيە كېمىلىرىگە تاشلاپ، ئۇلارنى زور زىيانغا ئۇچراتتى. بۇ جەڭ ئىستراتېگىيە جەھەتتىن قارىغاندا، چوڭ تەسىرى يوق ئىدى. ئەمما بۇ خەۋەرنى لەشماكىيەنى ساقلاپ ياتقان ئانتىيوچۇس ئاڭلاپ بەكلا ھودۇقۇپ كەتتى. ئۇ رىم فلوتىنىڭ

غەلىبەسىرى خىللىسپونغا ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، يىتىپ كېلىدىغان رىمنىڭ قۇرۇقلۇق ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە قورشىۋېلىشىدىن قورقۇپ، لەشماكىيەنى ئۆزلۈكىدىنلا تاشلاپ، ئۇ يەردىكى نۇرغۇن ئاشلىق، قورال ـ ياراغ ۋە ماددىي ئەشيالارنى كۆيدۈرۈۋەتمەستىن، ئۇ يەرنى ساقلاشقا ئازراق ئەسكەرمۇ قالدۇرماستىن كېتىپ قالدى. ئانتىيوچۇس ئالدىراپ ـ تېنەپلا قوشۇننى باشلاپ دېڭىز بوغۇزىدىن ئۆتۈپ كىچىك ئاسىياغا چېكىنىپ، بۇ يەردە نۇرغۇن قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنى جەم قىلدى.

سكىپو ئاكا ـ ئۇكىلار ماكېدونىيەنىڭ ياردىمىدە ئەگرى ـ بۈگرى يوللاردىن ئۆتۈپ بېرىپ، لەشماكىيەنى ئوڭايلا ئىشغال قىلىپ، نۇرغۇن ئاشلىق، بايلىق ۋە قوراللارغا ئىگە بولۇپ، ھېچقانداق قوغدىغۇچىسى يوق خىللىسپون بوغۇزىدىن ئۆتتى.

ئىشەنچ ۋە جاسارىتىنى يوقاتقان سۈرىيە پادىشاھى دەرھاللا ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، سكىپودىن سۈلھى تەلەپ قىلدى، رىملىقلار ناھايىتى ئېغىر شەرت قويدى، بۇنى ئانتىيوچۇس قوبۇل قىلىشقا ئامالسىز قالدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 190 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، بىر تۇمانلىق ئەتىگەنلىكى، ئانتىيوچۇس رىم قوشۇنلىرى بىلەن ماگنىزىيە شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى تۈزلەڭلىكتە ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى. مۇشۇ جەڭ ئارقىلىق، سۈرىيە 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىدىن ئايرىلدى، جەڭ پىللىرى ئاساسەن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئانتىيوچۇس رىملىقلارغا سۈلھى تەلىپىنى قويدى.

رىملىقلار سۈرىيەگە سۈرىيە سىرىس ۋە كىچىك ئاسىيادىكى بارلىق يەرلىرىدىن ۋاز كېچىش، ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىش، بارلىق جەڭ پىللىرىنى تاپشۇرۇش، جەڭ كېمىلىرىدىن ئوننىلا قالدۇرۇش، غايەت زور تۆلەم تۆلەشتىن ئىبارەت شەرتلەرنى قويغاندىن باشقا، رىملىقلارنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يۈرەك

ئاغرىقىغا بەند قىلىپ قويغان خاننىبالنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

سۈرىيە بۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلدى. بىراق، ئانتيوچۇس ماگنىزىيەدىكى جەڭدىن كېيىنلا رىملىقلارنىڭ خاننىبالنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشىنى پەملەپ ئۇنى قاچۇرۇۋەتكەندى.

خاننىبال سۈرىيەدىن ئايرىلىپ، دەسلەپ ئانتيوچۇسنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى شېرشىنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى ئەرمىنىيەگە بېرىپ، نام ـ ئەمەلىنى يوشۇرۇپ ياشىدى. كېيىن نامدا كرىت ئارىلىغا بارمەن دەپ قويۇپ، جەنۇبىي ياۋروپادىكى بىتىنىيەگە باردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە سەرسان بولۇپ يۈردى.

## «رىملىقلارنى خاتىرجەمسىزلەندۈرگەن هاياتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرايلى!»

13 يىل ئۆتۈپ كەتتى، خاننىبال ھېرىپ مادارىدىن كەتكەن بوۋايغا ئايلاندى. بىراق رىملىقلار يەنىلا ئۇنىڭدىن قورقۇپلا يۈردى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 183 ـ يىلى، رىملىقلار ئاقىۋەت خاننىبالنىڭ بىتىنىيەدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئارشاڭ قوۋۇقىدا ئانتيوچۇسⅣنى مەغلۇپ قىلغان گېنېرال ۋىلامىنىئۇسنى بىتىنىيەگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، پادىشاھ پروشىئاستىن خاننىبالنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، رىملىقلار خاننىبالنىڭ تۇرۇشلۇق جايىنى بىلدى. رىملىقلار بىركۈنى خاننىبالنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنى شامالمۇ ئۆتەلمىگۈدەك دەرىجىدە قورشىۋالدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان خاننىبال سىرتتىكى ۋاڭ ـ چۇڭنى

ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ بۆسۈپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇ يېنىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان زەھەرنى ئالدىرىماي چىقىرىپ مۇنداق دېدى:

— رىملىقلار جان ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان غېرىب بوۋاينىڭ جان ئۈزۈشىگىمۇ تاقەت قىلالمىغانىكەن، بوپتۇ، مەن ئۇلارنى بۇ يۈرەك ئاغرىقىدىن خالاس قىلاي!

ئۇ شۇنداق دەپ زەھەرنى ئىچتى ـ دە، ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى. مۇشۇ چاغدا ئۇ 65 ياشتا ئىدى.

خاننىبال ئۆلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ روھىي قۇدرىتى رىم ۋە ئوتتۇرا يەر دېڭىزى دۇنياسىغا ئۇزۇنغىچە تەھدىت سالدى. ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى سەنئەت ماھارىتى رىملىقلارنىڭ قولىدا گۈللەندى، نۇرلاندى. ئۇنىڭ دۆلىتى ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي كۆيدۈرۈلگەن تۇپراققا ئايلانغانلىقى ھەمدە كېيىنكى 2000 يىللىق تارىختا قايتا باش كۆتۈرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، خاننىبالنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە ئىدىيەسىنى ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى رەقىبى — سەمىمىي رىملىقلار خاتىرىلەپ ساقلاپ قالغان. ئاشۇ خاتىرىلەردە خاننىبال تىلغا ئېلىنغاندا، ھېچكىم مەنسىتمەسلىك تەلەپپۇزىنى ئىشلەتمىگەن. ھەتتا ئۇنىڭ تەلىيى قاچقان، چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن چاغلىرىدىمۇ، ھېچكىم بىھۆرمەتلىك بىلەن تىلغا ئالمىغان.

ئالەمگە مەشھۇر رىملىق ھەربىي ئالىم لىۋى مۇنداق دېگەن: «مۇشكۈل ئەھۋالدا قالغان خاننىبالنىڭ ئىشلىرى ئوڭغا تارتقان چاغدىكىگە قارىغاندا ئادەملەرنى تېخىمۇ قايىل قىلالايدۇ. غالىبىقىغا كىشىنىڭ ھەقىقەتەن ئەقلى يەتمەيدۇ. ئۇ قوشۇن باشلاپ ئۆز يۇرتىدىن بەكمۇ يىراق جايدا 13 يىل يۈرۈپ زادىلا يېڭىلىپ باقمىغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ قوشۇندىكى ئەسكەرلەر ئۇنىڭ ۋەتەنداشلىرى ئەمەس، بەلكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن

يارىماسلار. ئۇلارنىڭ ئۆرتاق قانۇنى، ئۆرپ ئادىتى، تىلى يوق؛ كۆرۈنۈشى، كىيىنىشى، قورال - يارىغى، دىنىي قائىدە - يوسۇنلىرى، ھەتتا چوقۇنىدىغان ئىلاھىمۇ ئوخشاش ئەمەس. ئەمما خانىبال ئۇلارنى مەلۇم بىر خىل رىشتە بىلەن ئۇنۇملۇك ھالدا چەمبەرچاس باغلىغان. شۇڭا دۈشمەن يېرىدە تۇرۇۋاتقان، دائىم دېگۈدەك ئاشلىق، تەمىناتسىز قېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەسكەر ئارىسىدا ياكى ئوفىتسېرلار بىلەن ئەسكەرلەر ئارىسىدا زادىلا قالايمىقانچىلىق كۆرۈلمىگەن... بولۇپمۇ خاسدرۇبال قۇربان بولغان، ئۇنىڭ قوشۇنى يوقىتىلغان، غەلىبە ئۈمىدى تامامەن يوققا چىققان ئەھۋالدىمۇ، خانىبال چېكىنىپ بورۇتىگونغا ئاران بېرىۋالالىغان چاغدىمۇ، ئۇنىڭ قوشۇنىدا زادىلا مەيۈسلۈك كۆرۈلمىگەن. بۇنىڭغا ئادەم ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالامدۇ؟

ئۇ دۆلىتىدىن ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمىگەن. دۆلەت ئىچىدىكىلەر گويا ئىتالىيەدىكى ئىشلار تولىمۇ ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقاندەك، پەقەت ئىسپانىيەنى ساقلاپ قالامدۇق - يوق دېگەننىلا ئويلاشقان (چۈنكى بۇ يەردە كان بايلىقى مول)».

ئامېرىكىلىق ھەربىي يازغۇچى دۇپىي مۇنداق دېگەن:

«خانىبال لاياقەتلىك ھەربىي رەھبەرلەرنى ئۆلچەشنىڭ ھەممە شەرتلىرىگە تولۇق چۈشىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر جەھەتتە — مۇشكۈل ئەھۋالدا قالغاندىمۇ ئېگىلمەس - سۇنماسلىق، جاسارەتنى بوشاشتۇرماسلىقتا، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدۇ.

بۇ ئادەم ئەمەلىيەتتە يەككە - يېگانە ھالدا قەدىمكى زاماندىكى ئەڭ كۈچلۈك، سىياسىي، ھەربىي ئاساسى پۇختا دۆلەتكە جەڭ ئېلان قىلغان، ھەتتا ئۇنى گۇمران قىلىشقا تىكلى ئازلا قالغان، بۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئاسان ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. توپ ئاساستىن ئالغاندا، رىم كارتاگودىن ئالاھىدە كۈچلۈك دۆلەت.

خاننىبالنىڭ قوشۇنى رىمنىڭ سەرخىل قوشۇنى بىلەن دۈشمەنلەشكۈدەك ساپانى ھازىرلىمىغان، سان جەھەتتىمۇ ناھايىتى ئاز. ئەمما بۇ ئادەم 16 يىل ئىچىدە ئاشۇ ئوخشاش بولمىغان ئىرق، مىللەت كىشىلىرىدىن تەشكىللەنگەن، ئوزۇق - تۈلۈكى كەمچىل، قورالى ناچار قوشۇننى باشلاپ پۈتكۈل ئىتالىيەنى سۈر - توقاي قىلىۋەتكەن. ئۇنىڭ تالانتىنى ئەڭ ياخشى ئىسپاتلايدىغان بىر نۇقتا شۇكى، ئۇ يۇقىرىقىدەك بەكمۇ ناچار شارائىتتا، باشتىن - ئاخىر قوشۇننىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ساقلاپ قالالىغان. بۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بىر ئىسپات شۇكى، كارتاگو قوشۇنىغا قارىغاندا ئەسكەر، ئوفىتسېرلىرى كۆپ رىم قوشۇنى خاننىبال تەرەپتىن تارىختىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، توپتوغرا 14 يىل خاننىبالدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا دوقۇرۇشۇپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان.

بىر ھەربىينىڭ يۇكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە كۈچلۈك مىللەت ئالدىدا مۇشۇنداق غايەت زور روھ، ئەقىل - پاراسەت ۋە تېخنىكا ئۈستۈنلۈكىنى ئىپادىلىشىنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەرقانداق بىر ئادەم بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ...»

خاننىبال ئەقىل - پاراسەتلىك، باتۇر، ئەمما قارام ئەمەس. ئۇ ھەربىي ئىشلارنى سىياسىيونغا خاس نەزەر ۋە دىپلوماتقا خاس ئۇسۇللار بىلەن بىر ياقلىق قىلغان، سېھىرگەر دەرىجىسىگە يەتكەن. ئۇ ھەربىي، سىياسىي ئىشلارغا توغرا ھۆكۈم قىلىشقا ھەمدە دۈشمەن قورغىنىدىكى زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىشقا ماھىر ئىدى. ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئەتراپلىق رازۋېدكا قىلىش، كۈتۈلمىگەندە ھۇجۇم قىلىش ۋە يىراقتا سەپەر قىلىشقا ماھىر ئىدى. ئۇ دۇنيانىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى ئاز ئۇچرايدىغان، مۇنازىرە كەتمەيدىغان ئۇلۇغ تاكتىكىچى ۋە ھەربىي ئالىم. كەننى ئۇرۇشى ئۇنىڭ تاكتىكا ئىدىيەسىنىڭ نادىر ئەسىرى، قوماندانلىق

سەنئىتىنىڭ ئەڭ ئالىي نەتىجىسى، دۇنيانىڭ ھەربىي ئىشلار تارىخىدىكى تۆت تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋە دۇشمەننىڭ زور قوشۇنىنى تامام يوقىتىشنىڭ تۇنجى ئۈلگىسى.

ھالبۇكى، ئۇنى زادى ئاقىل ئىستراتېگىيەچى دېگىلى بولامدۇ؟ بۇ بىر گۇمانلىق مەسىلە. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، دۇنيانىڭ ھەربىي ئىشلار تارىخىدا ھېچكىم ئالىپ تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئىتالىيەگە يۈرۈش قىلىشتەك ئۇلۇغ پىلاننى ئويلاپ كۆرگەن ۋە ئىشقا ئاشۇرغان ئەمەس. شۇڭا نۇرغۇن ھەربىي ئالىملار يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلەردە خاننىبالنى «ئىستراتېگىيە ئاتىسى» دېگەن. ئەمما يەنە بەزىلەر خاننىبالنىڭ ئىستراتېگىيە نەتىجىلىرى ئەمەلىيەتتە بىر خىل كۆپتۈرۈلگەن تاكتىكا نەتىجىسى، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئۇرۇش تەپسىلاتلىرىنى ناھايىتى ئىنچىكە ئويلاشتا، ئەمما ئۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تەڭ ئېتىبار بېرەلمىگەن، ئىتالىيەگە يۈرۈش قىلىش بىر مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ ھەرىكەت، لېكىن ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكىمۇ بەك ئەجەللىك، ئاۋارە رىملىقلار ئۇنىڭ نامىدىن قورقۇپ تۇرمىغان، ئۆز تۇپرىقىدا جەڭ قىلىشنى خالىماي تۇرۇۋالمىغان بولسا، بەلكىم خاننىبال ئۆزى ياراتقان مۆجىزە ئىچىدە ھاياتىدىن ئايرىلىشى مۇمكىن ئىدى، شۇڭا ئۇ ئىستراتېگىيە جەھەتتە مەغلۇپ بولغۇچى دەپ قارىغان.

دېمەك، خاننىبال ئالەمدىن ئۆتتى. خۇددى باشقا مەۋجۇداتلارغا ئوخشاشلا ھاياتتىن ئايرىلدى. ئەمما ئۇ ياراتقان نەتىجە ـ تۆھپە ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىدە ئالتۇندەك چاقناپ كەلدى، 2000 يىل ئۆتۈپ كەتسىمۇ چاقناقلىقىنى يوقاتمىدى.

قېنى، دەپ بېقىڭلارچۇ، قەدىمدىن تارتىپ بۈگۈنگىچە بولغان ئىنسانلار قاتارىدا، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلەيدىغانلاردىن قانچىسى بار؟

# 9. خاتىمە

## كارتاگو شەھىرىنىڭ گۇمران بولۇشى

رىم بارلىق كۈچىنى توپلاپ شەرققە تاجاۋۇز قىلىۋاتقاندا، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ غەربىدە كارتاگو ئاستا ـ ئاستا ئۇرۇش يارىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. دېھقانچىلىق ۋە سودا ئىشلىرى روناق تېپىپلا قالماي، ئۇلار يەنە مىسىر قاتارلىق شەرقلىق دۆلەتلەر بىلەنمۇ سودا قىلىشنى باشلىدى. كارتاگونىڭ باش كۆتۈرۈشى چەت ئەللەر بىلەن زىچ ئالاقىسى بار رىملىق سودىگەرلەرنى دەككە ـ دۈككىگە سېلىپ قويدى. چوڭ يەر ئىگىسى كاتو باشچىلىقىدىكى رىم سېناتى كارتاگونى يوقىتىشنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلدى. كاتو سېناتتا ھەر قېتىم سۆز قىلغاندا، ئەڭ ئاخىرىدا دائىملا:

— مېنىڭچە، كارتاگونى گۇمران قىلىش كېرەك! — دەيتتى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 150 ـ يىلى، نومىدىيەنىڭ پادىشاھى ماشىنىسا كارتاگونىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىنى تاجاۋۇز قىلىپ ئىگىلىۋالدى، رىم بۇنىڭغا يول قويدى. كارتاگو نائىلاج قوزغىلىپ ئۆزىنى قوغدىغاندا، رىم مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 201 ـ يىلىدىكى تىنچلىق كېلىشىمىگە خىلاپلىق قىلدىڭلار دەپ قوشۇن ئەۋەتىپ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 149 ـ

يىلى يەنە بىر نۆۋەت كارتاگوغا قارشى ئۇرۇش — ئۈچىنچى قېتىملىق پۇنىك ئۇرۇشىنى قوزغىدى.

ئەينى چاغدا، رىم ھۆكۈمدارى مىنىلىئۇس ۋە كىنسالىنۇس باشچىلىقىدىكى 80 مىڭ پىيادە، 4000 ئاتلىق ئەسكەر، 6000 ئۇرۇش كېمىسىنى ئەۋەتتى. ئۇلار سىتسىلىيە دېڭىزىدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇللا كارتاگونىڭ مۇھىم بازىرى ئۇتىكاغا كەلدى. مۇنداق تۇيۇقسىز تاجاۋۇزچىلىق ئالدىدا كارتاگو نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، سۈلھى تەلەپ قىلدى. رىملىقلار بارلىق قوراللارنى تاپشۇرساڭلار، داڭلىق ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسىدىن 300 بالىنى تۇتقۇنلۇققا بەرسەڭلار ئامانلىقىڭلارغا كاپالەتلىك قىلىمىز، دەپ شەرت قويدى. ئەمما كارتاگولۇقلار بۇ شەرتلەرنى ئورۇنلاپ بولغاندا، رىم سېناتى ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ، كارتاگو شەھىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىپ، دېڭىز بويىدىن 15 كىلومېتىر ئىچكىرىگە كۆچۈپ كېتىشنى يولسىزلىق بىلەن تەلەپ قىلدى.

بۇ ئەمەلىيەتتە، كارتاگولۇقلاردىن مەڭگۈ دېڭىزدا ھەرقانداق ھەرىكەت قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىش ئىدى. كارتاگولۇقلار دەرغەزەپكە كەلدى. ئۇلار تەسلىمچىلىكنى تەرغىب قىلغان سېناتنى ئۆلتۈرۈپ، قۇللارنى ئازاد قىلىۋېتىپ، قورال - ياراغ، سالغا ياسىدى، ئاشلىق جۇغلىدى، قەلئە - سېپىللارنى پۇختىلىدى. ئاياللار چاچلىرىنى كېسىپ، تاش ئاتىدىغان توپلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئارغامچا ئەشتى. قورال تۇتالايدىغانلىكى ئەركەكلەر سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلدى. رىم قوشۇنى شەھەرگە يېقىنلاپ كەلگەندە، كارتاگو ياخشى مۇداپىئەلەنگەنىدى.

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئىككى يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 149 — 147 - يىللار)دا رىم ھەربىي جەھەتتە قايتا - قايتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. قوماندانلار ئالماشتۇرۇلسىمۇ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتەلمىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 147 - يىلى زاما

ئۇرۇشىدا غەلىبىگە ئېرىشكەن سكىپوننىڭ ئىنىسىنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى ــ كىچىك سكىپو كارتاگونى قورشىغان قوشۇننىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ كېلىپ، ئاندىن ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتتى.

ئۇ ھەربىي ئىنتىزامنى تەرتىپكە سالدى، كارتاگو شەھىرىنىڭ يېزىلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، كارتاگونى ئاچارچىلىقتا قويدى، شۇنىڭ بىلەن سىرتقى مۇداپىئە لىنىيەسىنى بۇزۇپ شەھەرگە كىردى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 146 ـ يىلى باھاردا رىملىقلار ئومۇمىي ھۇجۇمنى باشلىدى.

تاجاۋۇزچىلار بىلەن كارتاگو پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كوچا ئۇرۇشى بولدى. كارتاگو خەلقى ھەربىر ئۆينىمۇ جان تىكىپ قوغدىدى، بىرىنچى قەۋەت قولدىن كەتسە ئىككىنچى قەۋەتتە، ئۇمۇ قولدىن كەتسە ئۆگزىدە جەڭ قىلدى. ئېگىزگە چىقىۋېلىپ، تاشلارنى دومىلىتىپ دۈشمەنگە قاتتىق زەربە بەردى. رىملىقلارمۇ نائىلاج بۇنداق جەڭلەرگە كۆندى. ئەڭ ئاخىرى، ئۇلار ئىگىلىگەن ئۆگزىلەر ئارا تاختاي قويۇپ ئاسما كۆۋرۈك قىلىپ، ئۆگزە ئۇرۇشلىرىنىمۇ بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇردى. رەھىمسىز كوچا ئۇرۇشى ئالتە كېچە ـ كۈندۈز داۋاملاشتى.

يەتتىنچى كۈنى، كارتاگونىڭ ئەڭ ئاخىرقى 50 مىڭ ئاھالىسى كۈرەشتىن چېكىندى. كىچىك سكىپو ئۇلارنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىشقا كاپالەت بەردى. تەسلىم بولۇشنى خالىمىغان 900 پۇقرا كارتاگوغا تۇنجى بولۇپ كۆچۈپ كەلگەنلەر ــ فىنىكىيەلىك مەلىكە تىرو ئەڭ دەسلەپ تىرە ئارغامچا بىلەن قورۇق چۆرۈگەن ئېگىزلىككە ــ بىرساغا چېكىندى. بۇ يەرنىڭ يەر شەكلى خەتەرلىك بولۇپ قوغدىماق ئوڭاي، ھۇجۇم قىلماق قىيىن ئىدى. باتۇر كارتاگولۇقلار ئۆلىسىمۇ باش ئەگمىدى، ئەڭ ئاخىرى، ئۇلار ئەسكۇرابىئۇس

ئوردىسىغا چېكىندى. خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، شۇ چاغدىكى گېنېرالنىڭ ئىسمى خاسدرۇبال ئىكەن. ئاچلىق، ھارغىنلىق، ئۈمىدسىزلىك تۈپەيلى، ئۇ ئەڭ ئاخىرى سكىپونىڭ ئالدىدا تىزلانغان. قالغانلار ئۇنى تىللاپ ـ قارغاپ، ئوردىغا ئوت قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۆيۈپ كۈلگە ئايلانماقچى بولغان. مۇشۇ چاغدا خاسدرۇبالنىڭ ئايالى ياسانغان ھالدا ئوردا ئىشىكىدە پەيدا بولغان. ئۇ ئېرىنى قاتتىق ئەيىبلىگەندىن كېيىن ئىككى ئوغلى بىلەن بىللە گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا سەكرىگەن...

بىرسا ئوردىسىدىكى مۇشۇ ئەھۋالنى كۆرگەن رىملىق تارىخشۇناس پولىبىئۇس مۇنداق يازىدۇ: مېنىڭ يېنىمدا تۇرغان كىچىك سكىپو قايرىلىپ، قولۇمنى تۇتۇپ:

— مانا بۇ بىر شانلىق پەيت. پولىبىئۇس، مەندە بىر قورقۇنچلۇق تۇيغۇ بار، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مانا مۇشۇنداق شۇم تەقدىر بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭمۇ بېشىغا كېلىدۇ، — دېدى.

شەپقەتسىز جەڭ مانا مۇشۇنداق ئاخىرلاشتى. 100 يىلغا سوزۇلغان پۇنىك ئۇرۇشى مانا مۇشۇنداق ئەبەدىيگە ئاياغلاشتى. ئىشغال قىلىنغان يەرگە بارغان رىمنىڭ سېنات كومىتېتى كارتاگونى تۈزلىۋېتىشنى قارار قىلدى ھەمدە كارتاگو شەھرىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇدى. ئوت 16 كۈن كۆيدى. ھايات قالغان 50 مىڭ كارتاگولۇق قۇل قىلىپ سېتىۋېتىلدى.

كارتاگو شەھىرى گۇمران بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ زېمىنى رىمنىڭ «مەمۇرىي ئۆلكە»سى قىلىندى. شۇندىن ئېتىبارەن، كارتاگو يەر شارىدىن مەڭگۈلۈك يوقالدى.

گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان كارتاگو شەھىرىگە قاراپ، كىچىك سكىپو بەختسىز دۈشمىنى ئۈچۈن ياش تۆكتى. پارچ ترويا شەھىرى، ئاسسىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ تەقدىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولدى، بۈيۈك «ھومېر» داستانىنىڭ مىسرالىرى

ئۈنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقتى:

ئاقىۋەتتە كېلەر بىر كۈنلەر،
مۇقەددەس ترويا بولغۇسى گۇمران.
پرىئام ۋە ئۇنىڭ خەلقىمۇ،
تۈگىشىدۇ قىرىلىپ تامام!

پولىبىئۇس ئۇنىڭدىن بۇ نېمە دېگىنىڭىز دەپ سورىغاندا، كىچىك سكىپو ئارىسالدى بولماستىنلا ئۆز ۋەتىنىنى تىلغا ئالغان.

**图书在版编目(CIP)数据**

汉尼拔 ：维吾尔文 / 陈小雅编 ；马合木提江·伊斯拉木译. — 乌鲁木齐 ：新疆文化出版社 ：新疆电子音像出版社，2016.4
（世界巨人传记丛书）
ISBN 978-7-5469-8325-7

Ⅰ. ①汉… Ⅱ. ①陈… ②马… Ⅲ. ①汉尼拔（前247~前182）-传记-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①K834.145.2

中国版本图书馆CIP数据核字(2016)第063328号

**策　　划** 艾尔肯·伊布拉音·湃达
**责任编辑** 努尔阿利亚·阿布都克里木
**美术编辑** 奥敢书业
**责任复审** 吐尔洪·吐尼牙孜
**责任决审** 亚森·吾不力哈斯木
**责任印制** 刘伟煜

丛 书 名　世界巨人传记丛书
书　　名　汉尼拔（维吾尔文）
编　　者　陈小雅
译　　者　马合木提江·伊斯拉木
出　　版　新疆文化出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路5号（邮编 830026）
制　　版　新疆奥敢图书发行有限公司
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　880mm×1230mm　1/32
印　　张　4.625
版　　次　2016年4月第1版
印　　次　2016年6月第1次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-8325-7
定　　价　20.00元